الله

# ئىلىم - پەن دەۋرىدە تېخىمۇ تەجەللى قىلماقتا

ئامېرىكىلىق بىر تۈركۈم تەبىئىي پەن ئالىملىرىنىڭ
دۇنيا گېئوفىزىكا يىلى مۇناسىۋىتى بىلەن يازغان
ماقالىلىرىدىن تاللانمىلار

(سەككىز ماقالىنىڭ تەرجىمىسى)

سۈتۈق بۇغراخان مائارىپ نەشرىياتى

**2011**

بۇ كىتابنىڭ بېسىپ ـ تارقىتىلىشىغا ماددىي ياردەم بەرگەن مەرىپەتپەرۋەر تىجارەتچىلىرىمىزگە جانابى ئاللاھتىن دۇنيا ـ ئاخىرەتلىك بەخت ـ سائادەت تىلەيمىز!

# الله يتجلى في عصر العلم

**تأليف: مجموعة من علماء الكون**

تەرجىمە قىلغۇچى: مۇھەممەد ئىدرىس
تەھرىرى: مۆمىنجان سىدىق
كوررېكتورى: س. كۆكتۇغ
بەتچىك: ئا. روزى توختى
مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: ئا. بۇلاق

ئالاقىلىشىش ئادرېسى:
Ördek Ksasap Mah. Millet Cad Gülşen Apt No: 108 D:5
Çapa –Fatih /İstanbul /Türkiye
Tel: 0090-212- 5232877
E-mail: info@maarip.org

# مۇندەرىجە

كىرىش سۆز ........................................................ 5
ئالەمنىڭ پەيدا بولۇشى مەقسەدلىكمۇ ياكى
تاسادىپىيلىقمۇ؟ ................................................ 17
ئومۇمىي تەجرىبە .............................................. 31
بىر تۈپ قىزىلگۈلدىن كەلگەن ساۋاق ................ 41
مۇقەررەر نەتىجە .............................................. 53
الله ۋە مۇرەككەپ بارلىق.................................... 65
ماتېرىيالىستىك دۇنيا قاراشنىڭ يېتەرسىزلىكى. 77
ئويغا چۆككەن كىچىك ھەيران .......................... 85

بسم الله الرحمن الرحيم

# كىرىش سۆز[1]

## بۇ ئالەمنىڭ خۇداسى بارمۇ؟

مانا بۇ سوئالنى قانچىلىغان ئادەملەر يولۇقتۇرمىغان ۋە ئۇنىڭغا جاۋاب تېپىشقا ئۇرۇنمىغاندۇ؟ قانچىلىغان گۆدەك باللار ئۇنى ئاتا ـ ئانىلىرىغا قويۇشمىغاندۇ؟ يەنە قانچىلىغان ياشلارنىڭ گاڭگىراق قەلبى مۇشۇ سوئال تۈپەيلىدىن ئارىسالدى بولۇپ، كېچىلەرنى كىرپىك قاقماي ئۆتكۈزۈپمۇ قانائەتلىنەرلىك جاۋاب تاپالماي يۈرگەندۇ؟ بەلكىم گاھى چاغلاردا ئىمانى زەئىپ كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسىدىمۇ داۋالغۇش يۈز بېرىپ قېلىپ، كەينىدىنلا كۆڭلىدىكى شەيتان ۋەسۋەسىلىرىدىن اللهقا قاتتىق سېغىنغاندۇ؟

دېمىسىمۇ، بۇ ئىش كۆپىنچە ئاجىزلىق، كېسەللىك، قېقىلىش ـ سوقۇلۇش، ناھەقچىلىق ئىچىدە قالغان بارلىق كىشىلەرنىڭ ئەس ـ يادىنى كۆپرەك ئىگىلىۋالىدۇ. شۇنداق، ئىنسانلار يىراق دەۋرلەردىن تارتىپلا بۇ سوئالنى تالىشىپ كەلگەن. نەتىجىدە، ئۇلار

[1] كىتابنى ئىنگلىزچىدىن ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلغۇچىنىڭ كىرىش سۆزى.

ئـاللاھ ئـىـزدەش ئـىشــىدا ھەر تۈرلـۈك پـىرقـىلارغـا بۆلۈنـۈپ كـەتكەن. ھەر بـىرى ئۆزىـنـىڭ ئـۆي ـ تۆيغۇسـى يېـتـەكلـىگەن نەرسـىگە ئەگـىشـىپ، رەڭگـارەڭ گـۇرۇھ ـ ئېقىملارنـى پەيـدا قـىلـىشـقان. ئۇلارنـىڭ ئـىچـىدە قۇيـاش، ئـاي، ئاسـمانغا بـاش ئۇرىدىغانلار بولغان، بۇتلارنى خۇدا بـىلـىدىغانلار بولغـان، يەنە ئۇلارنـىڭ ئەكسىچە قۇدرەتلـىك، يېگانە بىر اللهقـىلا ئىبـادەت قـىلـىدىغان ”بـىر الله“چـىلارمۇ بولغان، يەنە شۇنـىڭدەك، اللهنى ئاپئاشـــكارا ھالـــدا ئـىنكـــار قـىلـىـــدىغان، ئۇنـىڭغـــا ئـىشەنمەيدىغانلارمۇ بولۇپ تۇرغان.

شۇنـىسى ئېنـىقكى، ئالەم ئايلـىنـىپ، ئـىنسان ئويلـىنـىپ، كۆزىتـــىپ، ئەقـىـــل ئـىشـــلەپلا تۇرىـــدىغان بولســـا، يـــېقىـن كـەلگۈســـىدە كـىشـــىلەر بـۇ ســوئالنـىڭ جــاۋابـىنى تېپـىـــپ چـىقالايدۇ.

كۆرۈنـــۈپ تۇرۇپتـــۇكى، بـــۇ ئـىشـــنى بـىلـــىش بـىزنـىـــڭ ھاياتـىمـىزنـىڭ بـىر قـىسـمى. بـىـز ئـۇنى ھەرقـانچە قـىلـىپمۇ ئـىنكار قـىلـىۋېتەلـمەيمـىز ياكى ئۇنـىڭدىن ئايرىلالـمـايمـىز، شۇنداقلا ئۇنـىڭ چاقـىرىقلـىرىغا قۇلاق يوپۇرۇۋالالـمـايمـىز.

ئـىنســاننـىڭ دۇنيــا ئـىگـىســى ۋە ياراتقۇچـىســىغا بولغــان مـەيدانى ۋە ئۇنـىڭغا بولغان كۆز قارىشى شۇ ئـىنساننـىـڭ ئـۆي ـ تۇيغۇسـى، تۇرمۇشـى، دۇنيـا قـارىشـى، كـىشـىلـىك قـارىشـى، ھەرخـىـل ئـىشـلارغا بولغـان پوزىتسـىيەسـى، روھـى ھـالـىتى، ھـازىرى ۋە كـەلگۈسى، قـىسقـىسى ئۇنـىڭ بـىر پۈتـۈن ھاياتـىغـا، ۋۇجۇدى ۋە روھـىغا زور تەسـىر كۆرسـىتـىدۇ.

مـانا كۆرگـىنـىمـىزدەك، بۇ سوئال شـۇنداق ئەھمـىيەتلـىك بولسـىمۇ، بـىراق ئۇنـىڭ ئـىشەنچلـىك جاۋابـىنى ئالالايدىغانلار

ئاز ئۇچرايدۇ. بۇنداق بولۇشى بۇ سوئالنى ناۋادا باللار ئوتتۇرىغا قويۇپ قالسا، ئاتا - ئانىلار ئۇلارنىڭ بۇنداق ئوينى ئاددى گەپلەر بىلەنلا توختىتىپ قويۇشىدۇ ياكى ئۇلارغا ئۇلارنى قايىل قىلالمايدىغان، ئورۇنسىز جاۋابلارنى بېرىپ بەزلەيدۇ. بۇنىڭدا ئۇلار باللارنىڭ ئىستىكىنىڭ ئاسان قانىدىغانلىقىغا تايىنىپ شۇنداق قىلىدۇ. ياش - ئۆسمۈرلەر بۇ سوئالنى ئۆز دوستى ياكى ئوقۇتقۇچىسىغا قويۇپ قالسا، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىدىن ئەقلى قانائەت تېپىپ، كۆڭلى قانغۇدەك بىرەر جاۋابقا ئېرىشەلمەيدۇ. ئەگەر بۇنى بەزى دىن ئەربابلىرىغا قويغۇدەك بولسا، ئۇلار ئۇنىڭغا بىر قاتار ساماۋى كىتابلارنىڭ ئايەتلىرى بىلەن پەيغەمبەرلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئېيتىپ بېرىپ ئولتۇرۇشتىن يىراقتا ئۆتەلمەيلا قالماي، ئۇلارنى پەن يېڭىلىقلىرى ۋە بىلىش قىممىتىدىن ئايرىلغان بىر چەمبەر ئىچىدە ئايلاندۇرۇپ يۈرىدۇ ياكى بولمىسا بۇ ئىشتا ئىلمي ئۇسۇل قوللىنىشنى چەتكە قاقىدۇ. بۇنداق چاغدا، ھېلىقى ياشنىڭ ھەيرانلىقى تېخىمۇ ئاشىدۇ ۋە نەتىجىدە بۇ توغرىدا ئويلىنىۋېرىشتىن يالتىيىدۇ.

20 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ياشاۋاتقان بىر مەدەنىي ئىنسان ئۇچۇن دۇنيانىڭ ياراتقۇچىسى توغرۇلۇق سوئال تۇغۇلغاندا، چوقۇم بىر قاتار ئىلمي ئۇسۇللار ۋە ئاتوم سىرلىرىغا قەدەر بولغان ئىلىم - پەن نەتىجىلىرى بىلەن بىرلىكتە تەھلىل ئېلىپ بېرىشى كېرەك.

نۆۋەتتە، ئىنسانلار پەن - تېخنىكا كۈچى بىلەن ئاسمان بوشلۇقىنى ئېچىۋاتىدۇ. دۇنيا - ئالەم، ئادەمنىڭ يېڭىدىن

- يېڭى قانۇن - پرىنسىپلىرىنى دەلىللەۋاتىدۇ. پەن - تېخنىكا تارماقلىرىدا ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان يېڭىلىقلار، ئىجادىيەت، كەشپىياتلار مەيدانغا كېلىۋاتىدۇ.

ئالەم ماھىيىتىگە تاقالغان ھەرقانداق ئىزدىنىش نۆۋەتتىكى مەۋجۇت ئىلىم - پەن ۋەزىيىتىنى چىقىش قىلىپ، ساغلام لوگىكىنى تۇتقا قىلغان ھالدا ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك.

ئەنە شۇنداق ئىشەنچلىك جەريانلار ئارقىسىدا تۇرغۇزۇلغان ئىمانلا نوقۇل بويسۇنۇش بىلەن ئەمەس، بەلكى چۈشىنىش - قانائەت ھاسىل قىلىش ئۈستىگە قۇرۇلغان كۈچلۈك ئىمان بولىدۇ.

قولىڭىزدىكى بۇ كىتابتا بايان قىلىنىدىغىنى دەل شۇنداق ئىشلاردۇر. كىتابنى تۈزگۈچى تۆۋەندە ماقالىسى چىقىدىغان ھەر بىر ئادەمگە ئالدى بىلەن: سىز اللهنىڭ بار - يوقلۇقىغا ئىشىنەمسىز، سىزنىڭ تەتقىقات - ئىزدىنىشلىرىڭىز سىزنى نېمىگە باشلاۋاتىدۇ؟ - دىگەن سوئاللارنى قويۇپ ئۆتىدۇ. سوئال قويۇلغان كىشىلەر بۇ ئىلىم - پەن تارماقلىرىدا خاس ئورۇننى ئىگىلىگەن دۇنياغا داڭلىق ئالىملار توپى بولۇپ، ئۇلار ئاپتورنىڭ يۇقىرىقى سوئالغا ئۆزلىرىنى اللهقا ئىشىنىشكە ئېلىپ كەلگەن ئىلمىي سەۋەبلەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن بايان قىلىپ، ئەستايىدىل پوزىتسىيىدە جاۋاب بېرىدۇ. ئاشۇ بىر گۇرۇپپا ئالىمنىڭ بۇ ھەقتىكى جاۋابلىرى بىلەن پۈتۈپ چىققان بۇ كىتابنى مۇشەققەتلىك تەرجىمە مەشغۇلاتىدىن كېيىن ئوقۇرمەنلەرگە سۇندۇق.

ئۆمىدىمىز شۇكى، ئۇلار بۇ ئەسەرنى كۆرۈش ئارقىلىق ئۆزگىچە بىر خىل يېڭى تەپەككۇر ساھەسىنى كۆرۈۋالسۇن ۋە شۇ ئارقىلىق ئىدىيەسىنى چىرمىۋالغان ئارتۇق گۇمان ۋە تېڭىرقاشلارنى چۆرۈۋېتىپ، كۆز ئالدىدىكى ئىلاھىي كىتابلاردا دېيىلىۋاتقان نەرسىلەرنى قوللايدىغان ۋە ئۆزىنىڭ ﷲقا بولغان ئىمان ـ ئىشەنچىسىنى دادىل ئوتتۇرىغا قويالايدىغان بولسۇن.

كىتاب مەزمۇنىدىن چىقىپ، ئازراق گەپ قىستۇرسام: ئاشۇ ئالىملار شۇنداق بايان قىلىدۇكى، ئۇلار تېرمو دىنامىكا قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق: «زادى بۇ ئالەم ئۈچۈن بىر باشلىنىش بولۇشى كېرەك ئىكەن. چوقۇم بۇ باشلىنىشنى ئەقىل، ئىرادە ۋە چەكسىزلىك سۈپەتلىرىگە ئىگە بولغان بىر ئالىي مەۋجۇدىيەت باشلاپ بەرگەن بولۇشى كېرەك» دېگەن يەرگە كېلىشكەن. شۇنداق، ئۇلار ھەقىقەتەن توغرا ئېيتىشقان. دېمىسىمۇ، بارلىق مەۋجۇدىيەتنى ئىدارە قىلىپ تۇرۇۋاتقان پەۋقۇلئاددە كۈچ ئۆزىنىڭ پەۋقۇلئاددە ۋە مۇقەددەسلىكىگە كۆرە چوقۇم ئېنېرگىيە ۋە ماسسىلارنىڭ رولى بىلەن توپلاشقان زەررىچىلەردىن تۈزۈلگەن بۇ ماددىي دۇنيانىڭ خاراكتېر ـ ئالاھىدىلىكىدىن پەرقلىق بولغان بىر ئالاھىدىلىككە ئىگە نەرسە بولۇشى كېرەك. چۈنكى بۇ كۈچ بارلىق باشلىنىشلارنىڭ باشلاپ بەرگۈچىسى، بارچە نەرسىدىن بۇرۇن بار بولغان نەرسە ئىكەن، مەڭگۈلۈكلۈكى ياكى بۇرۇندىن بارلىقىغا كېسىپ بىر نېمە دېگىلى

بولمايدىغان بۇ ماددىي ئالەمدىن يۇقىرى ئورۇندا تۇرۇشى تەبىئىي.

دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ كۈچ ھېچقانداق ماددىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولمىغان، كۆرۈش سەزگۈلىرىمىز سېزىپ ئالالىغۇدەك بىرەر گەۋدە - تۇراقتىن تېخىمۇ خالىي، نازۇك - سېپتىلىقى ۋايىغا يەتكەن، ئىلىم - پاراسىتى چەكسىز، كۆزلەر كۆرەلمىسىمۇ كۆزلەرنى كۆرۈپ تۇرىدىغان، تولىمۇ نازۇك ۋە بارچىدىن بىلىم - خەۋەردار بىر گىگانىت كۈچ بولۇشى كېرەك.

بىزنىڭ بۇ كۈچ بىلەن ئۇچراشقۇمىز كەلسىمۇ، بۇ مەقسەدكە ھازىرقى مەۋجۇت سەزگۈ ئورگانلىرىمىز ئارقىلىق ھەرگىز يېتەلمەيمىز. چۈنكى بىزنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىمىز پەقەت تۇراق - گەۋدىگە ئىگە بولغان ماددىلارنىلا كۆرەلەيدۇ. بۇمۇ بىزنىڭ ئالدىمىزدىكى بىر غايىۋي مەنزىل. شۇنىڭغا ئوخشاشلا بىز اللهنى تۈرلۈك تەتقىقات ئۆيلىرى ۋە تەجرىبە نەيچىلىرى ياكى تۈرلۈك مىكروسكوپ، تېلىسكوپ سايمانلىرىنى ئىشلىتىش ئارقىلىقمۇ تېپىپ چىقالمايمىز. اللهنى تېپىشنىڭ بىردىنبىر يولى خۇددى اللهتەك ماددىي خۇسۇسىيەتتىن خالىي بولغان، مۇتلەق مەنىۋىي دۇنياغا مەنسۇپ ئەقىل - پاراسەت يولىدۇر. مۇقەددەس اللهنىڭ ئۆزىنى تېپىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ بەلگە - ئالامەتلىرىنى بىلمەكچى بولغانلار ئالدى بىلەن كۆزىنى يەردىن كۆتۈرۈپ، يىراق - يىراقلارغا نەزەر تاشلاپ باقسۇن ھەمدە شۇ ئارقىلىق ھاكاۋۇرلۇق ۋە بىر تەرەپلىمىلىكتىن خالىي ھالدا ئەقلىنى ئىشقا

سىلىپ، كۆز ئالدىدا تۇرغان ئاسمان ۋە زېمىنىنىڭ يارىتىلىشى توغرۇلۇق چوڭقۇر ئويلانسۇن.

ئىلىم - پەننىڭ بارچە تارماقلىرى خۇددى بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا ھازىرمۇ يەنە شۇنداق بىر نۇقتىنى ئىسپاتلاپ تۇرىدۇكى، ئادەتتىن تاشقىرى بولغان قانداقتۇر بىر تۈزۈم پۇتكۇل جاھان ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ، ئۆز كونتروللۇقىدا تۇتۇپ تۇرماقتا. بۇ تۈزۈمنىڭ مەنبە - ئاساسلىرى بولسا، نۆۋەتتە ئالىملار تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىۋاتقان، ھەم ئۆزگەرمەس ھەم يېڭىلانماس، تۇراقلىق ئالەم قانۇنىيىتى ۋە پرىنسىپلىرىدىن ئىبارەت.

ھالبۇكى، بىز ئىنسانلارنىڭ ئالەم قانۇنىيەتلىرىدىن كەشىپ قىلغان ئەڭ ئالاھىدە ۋە ئىنچىكە مۇۋەپپەقىيىتىمىز ئاي ۋە كۈننىڭ تۇتۇلۇشى ۋە باشقا بىر قاتار ھادىسىلەر توغرۇلۇق يۈز يىللار بۇرۇن خەۋەر بېرىش مۇمكىنچىلىكى بولماقتا. بۇ يەردە ئالەم ھەرىكىتىنىڭ مۇنتىزىم - تەشكىللىك ئاساستا سەيىر قىلىشىغا تۈرتكە بولغان ئاشۇ بىر قاتار قانۇن - تۈزۈملەرنى يولغا قويغان، كائىناتنىڭ ھەر بىر زەررىچىلىرىگىمۇ مۇئەييەن ۋە تەرتىپلىك ھەرىكەت پرىنسىپلىرىنى تەتبىق قىلغاندىن سىرت، ئاشۇ زەررىلەر زەررە بولۇپ يارىلىشتىن بۇرۇنقى ھالەتتىمۇ يەنە ئوخشاشلا، ئۇلارنى بەلگىلىك قانۇنىيەت بويىچە ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئاتوم گەۋدىسى شەكىللەنگۈچە بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىۋاتقان كىم؟ بۇنداق مۇۋازىنەت، ماسلىشىشچانلىق، تەرتىپ - ئىنتىزامنى ياراتقان كىم؟ بۇلارنى ئالدىن پىلانلىغان، ئىجاد قىلغان،

جاي ـ جايىغا ئورۇنلاشتۇرغان زادى كىم؟ ياكى بولمىسا، شۇ
ئىشلارنىڭ ھەممىسى بىرەر ياراتقۇچى بولمىغان ئەھۋالدا
يارالدىمۇ ياكى ئۇلار ئۆزىنى ئۆزى ياراتتىمۇ؟

ئەمەلىيەتكە قايتقان چېغىمىزدا، قايانغىلا قارىساق،
كۆزىمىزگە چېلىقىپ تۇرۇۋاتقان ئەشۇ تەرتىپ ـ ئىنتىزام
ھەر قاچان بىر ئۇلۇغ ئىجادىيەت سۈپىتىدە يۇقىرىقى
ياراتقۇچى زاتنى ۋە ئۇنىڭ يۈكسەك پىلانلىغۇچى ۋە بارچە
ئىشلارنى ئۇجۇر ـ بۇجۇرىغىچە بىلىدىغانلىقىنى ئېنىق
دەلىللەپ تۇرۇپتۇ. مانا بۇ كىتابتىكى ئالىملار ئۆز
پىكىرلىرىدە ھېلىقىدەك: ”ئالەم تاسادىپىيلىقتىن پەيدا
بولغان“ دەپ قارايدىغان ئادەملەر توغرۇلۇقمۇ توختىلىپ
ئۆتىدۇ ۋە بىزگە تاسادىپىيلىقنىڭ ئەمەلىي ماھىيىتى
ھەققىدە چۈشەنچە بېرىپ، بۇ توغرىدا بەزى ئىشلارنىڭ
مەيدانغا كېلىش ئېھتىماللىقىنىڭ دەرىجىسىنى
بىلىۋېلىش ئۈچۈن ماتېماتىكا ۋە تاسادىپىيلىق
قائىدىلىرىنى ئىشقا سېلىش كېرەكلىكىنى كۆرسىتىپ
ئۆتىدۇ. ناۋادا، قولىمىزدا مىڭلىغان ئېلىپبە ھەرپلىرى
بىلەن لىق توشقۇزۇلغان بىر ساندۇق بار دېسەك، ئۇنداقتا
بۇ ساندۇقتىكى «ئو» تاۋۇشى بىلەن «ت» تاۋۇشى بىر يەرگە
كېلىپ قېلىپ، «ئوت» سۆزىنى شەكىللەندۈرۈپ قېلىش
ئېھتىمالى بەكمۇ زور. ئەمما بۇ تاۋۇشلار تىزىقىنىڭ
ھەممىسىنىڭ ئۇزۇن بىر داستان ياكى ئاتىنىڭ بالىغا
قالدۇرغان ۋەسىيىتى بولۇپ ئۆزگىرىپ قېلىش ئېھتىمالى
ھەرقانچە ئېھتىماللىق دەپ قارىغان تەقدىردىمۇ بەرىبىر
ناتايىن.

ئالىملار ناۋادا بىر ئامىنو كىسلاتا مولېكۇلاسىنى (ئامىنو كىسلاتاسى — يادرو كىسلاتاسى ۋە ئاقسىل قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسلىق ماددىسى) شەكىللەندۈرىدىغان زەررىچىلەرنى سۈنئىي ئۇسۇلدا بىرلەشتۈرۈشكە توغرا كەلسە، بۇنىڭ ئۈچۈن بىر نەچچە مىليون يىل ۋە مۇشۇ چەكسىز كائىناتقا سىغمىغۇدەك ماتېرىيال كېتىدىغانلىقىنى ھېسابلاپ چىققان. بۇ تېخى ئۇنىڭ بىر مولېكۇلاسىنى باشقىچە بىر خىل تەرتىپتە تۈزۈپ چىقىشىنىڭلا گېپى. مۇشۇنچىلىك ئىشنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى شۇنچىۋالا مۇشەققەت - قىيىنچىلىقلارنى تەلەپ قىلىدىغان تۇرسا، ئەجەبا، سىز باشقا مەۋجۇداتلارنىڭ تۈزۈلۈشىگە، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تۈزۈلۈشىگە، يەنە باشقا سان - ساناقسىز مۆرەككەپ، چېگىش نەرسىلەرگە، ھاياتلىقنىڭ پەيدا بولۇشى، ئاسمان - زېمىنىنىڭ باشقۇرۇلۇشىغا نېمە دېيەلەيسىز؟

ھەقىقەتەن بۇ نەرسىلەرنى ئاشۇ قارىغۇ تاسادىپىيلىق ياكى بىر كورنىڭ يول ماڭغىنىدەك جەريان بىلەن بارلىققا كەلگەن دەپ يۈرۈش ئەقىلدىن قانچىلىك يىراق ئىش - ھە؟!

ھەرگىز ئۆزىمىزنى قاچۇرۇش مۇمكىن ئەمەسكى، ئاشۇ ئىشلارنىڭ ھەننىۋاسى ئۈچۈن مول بىلىملىك بىر ياراتقۇچى ئىجاتكار بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى شۇ ئىجاتكارنىڭ بىلىم دائىرىسىدە بولغان، قانداق بولۇشىنى شۇ ئىجاتكار ئۆزى پىلانلىغان، يۈرۈشلەشتۈرگەن، يارىتىپ بولۇپ، توغرا ئۇسۇلغا ۋە شەكىلگە، قولاي ھالەتكە ئىگە

قىلغان. ئۇلارغا پايدىلىق ئىشلارنى تەقدىر قىلىپ، توغرا مەنپەئەتلىنىش ئۇسۇللىرىنى كۆرسەتكەن.

قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب ئەنە شۇلار ئارقىلىق اللهقا ئىمان كەلتۈرۈش، ئۇنىڭ ئالقىشىغا تەلپۈنۈش، ئۇنىڭغا چىن پۈتۈشنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. بولۇپمۇ، ئىنسان بىرەر قىيىنچىلىق - خەتەرگە يولۇققان ياكى ئويلىغانلىرى كۆپۈككە ئايلىنىۋاتقان پەيتلىرىدە اللهقا سېغىنىپ، ئۆزىنى روھىي جەھەتتىن پۈتۈنلەشتۈرۈشنىڭ ئالاھىدە ئورنىنى تەكىتلەيدۇ. دېمىسىمۇ، بۇ ئالىملارنىڭ كۆپلىرى - بەلكى مۇتلەق كۆپ قىسمى چىن دىللىرىدىن ئىماننىڭ لەززىتىنى تېتىغان ۋە ئۇنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلغان، باشقىلارنى ئۇنىڭغا قىزىقتۇرغان، ئۇنىڭغا يار بولۇپ ئۆتكەن كىشىلەردۇر. ھەتتا بەزى ئالىملار: «ئىنساندا ھەر قاچان ئۇنى اللهقا ئىشىنىشكە قىستاپ تۇرىدىغان بىر بىئولوگىيىلىك ئېھتىياج مەۋجۇت» دېگۇدەك دەرىجىگە بېرىپ يەتكەن. مانا بۇ، الله قۇرئاندا دېگەن، ئىنسان بىلەن بىللە ياراتقان تەبىئەت - ئۆزلۈك ئاڭ بولماي نېمە؟

بۇ كىتابنىڭ بايان قىلىدىغىنى بۇلار بىلەنلا چەكلەنمەستىن، اللهقا ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ قانداق قىلىپ ئىنسانىي، ئەخلاقىي، ئىجتىمائىي پەزىلەتلەرنىڭ بارچىسىنىڭ ئۇلى بولالايدىغانلىقىنى، ئىمانسىز قالغان ئىنساننىڭ پەقەت جىنسىي ئىستەك ھۆكۈمرانلىقىدىكى چەكلىمىسىز، ئەقىلدىن مەھرۇم بىر ياۋۇز ھايۋان بولۇپ قالىدىغانلىقىنى، بولۇپمۇ ئۇنىڭغا ئىنسانىيلىقتىن

ھالقىپ كەتكەن بەزى ئىدىيەلەر ئۆگىتىلگەن چاغدا، بۇ تەرىپىنىڭ تېخىمۇ ئېشىپ كېتىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. اللهقا ئىشىنىش تەرغىپ قىلىنغان ئىلھام بەخش بايانلار بىلەن تولغان بۇ كىتابنى قولىغا ئالغان ھەر بىر ئەقىللىق كىتابخاننىڭ بۇ كىتابنىڭ ئىچىدىن ئۆزى ئۇزۇندىن بېرى ئېھتىياجلىق بولۇپ كېلىۋاتقان بەزى پىكىرلەرنى تېپىۋېلىشىغا ئىشەنگەن ھالدا سۆزۈمنى تۈگىتىمەن.

ـ دوكتور دەمىرداش ئەبدۇلمەجىد سەرھان

# ئالەمنىڭ پەيدا بولۇشى مەقسەدلىكمۇ ياكى تاسادىپىيلىقمۇ؟

فرانك ئىلىن[1]
(بىئوفىزىكا ئالىمى)

”ماددىي دۇنيا ياراتقۇچىغا موھتاج ئەمەس“ دېگەن پىكىر ئادەتتە كۆپ دېيىلىۋاتىدۇ. بەلكىم، بۇنداق يەڭگىلتەك پىكىرنى قىلىپ يۈرگەنلەرنىڭمۇ تېگىشلىك پاكىتى ۋە نورمال ئىشلەپ تۇرۇۋاتقان كاللىسىمۇ باردۇ. لېكىن نېمە بولسا بولسۇن، بىز شۇ ئىشقا ئەستايىدىل بولايلىكى، ئەگەر بىز بۇ دۇنيانى ئالدىن مەۋجۇد دەپ ئېتىراپ قىلىدىكەنمىز، ئۇنداقتا، بىز ئاشۇ مەۋجۇدلۇقنىڭ مەۋجۇدلۇقى ۋە ئۇنىڭ باشلىنىشىنى قانداق قىلىپ چۈشەندۈرۈپ بېرىمىز؟

بۇ سوئالنىڭ جاۋابى مۇنداق تۆت خىل ئېھتىماللىق بويىچە مەيدانغا كېلىشى مۇمكىن:

---

[1] 1904 ـ يىلىدىن 1944 ـ يىلىغىچە كانادا مانىتوبا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىئوفىزىكا پېنى بويىچە پروفېسسور بولغان. يەنە بۇ ئارىلىقتا كورنىل ئۇنىۋېرسىتېتىدىن ماگىستىر ۋە دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالغان. ئۇ، رەڭ سەزگۈسى ئىلمى، پسىخوئوپتىكا، نەپەس فۇنكسىيىسى ئىلمى بويىچە ئاتاقلىق تەتقىقاتچى بولۇپ، نۇرغۇن ئىلمىي مۇۋەپپىقىيەتلىرى ئۈچۈن كانادا پادىشاھلىق ئىلمىي جەمئىيىتى تەرىپىدىن ئالاھىدە ئالتۇن ئوردېن بىلەن مۇكاپاتلىنىشقا سازاۋەر بولغان.

بىرىنچى ئېھتىماللىق: دۇنيا پەقەت تۇيغۇ ـ خىيالدىنلا ئىبارەت. بۇ قاراش بىزنىڭ يۇقىرىقى: ”دۇنيا ھەقىقىي مەۋجۇد“ دېگەن قارىشىمىزغا زىت كېلىدۇ.

ئىككىنچى ئېھتىماللىق: ”پۈتكۈل دۇنيا پەقەت ئۆزلۈكىدىن يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، مۇشۇنداق جاھان بولۇپ قالغان“ دەپ قاراش.

ئۈچىنچى ئېھتىماللىق: ”كائىنات بىر پۈتۈن ھالدا مەڭگۈلۈكتۇر، ئۇنىڭ باشلىنىشى بولغان ئەمەس، ئاخىرلىشىشىمۇ بولمايدۇ“ دەپ قاراش.

تۆتىنچى ئېھتىماللىق: ”ئالەم ئۇچۇن بىر قۇدرەت ئىگىسى بولغان الله بولمىسا بولمايدۇ“ دېگەن قاراش.

ئەمدى بىز بۇ قاراشلارنى ئىلغاشتۇرۇپ كەلسەك، ئۇلاردىن بىرىنچى خىل قاراش بىزنىڭ ئالدىمىزغا پەقەت ھېس ـ تۇيغۇ مەسىلىسى بولۇپ گەۋدىلىنىدىغانلىقى ھەمدە بىزنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيانى سېزىشىمىز ۋە ئۇنىڭدا بولۇۋاتقان ئىشلارنى بىلىشىمىز قاتارلىقلارنىڭ ھەنىنىۋاسىنى ئۆتۈپ ـ تېشىپ بىر خىل غەيرىي رېئال ۋە ھەقىقىي بولمىغان تەتۈر سېزىم ـ خاتا سېزىم دەپ قارايدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ قىلچە ھەقىقەتلىكى يوق بىر نەرسىدىن ئىبارەت. تەبىئەت پەنلىرى ساھەسىدە شۇ خىل قاراشقا يېقىنقى زامانلاردا سىر جىمىس دېگەن ئالىمۇ تەرەپدار بولۇپ چىققان بولۇپ، ئۇ، بۇ دۇنيانى ئەمەلىي تۈتامى يوق، پۈتۈنلەي ئېڭىمىزدا گەۋدىلىنىپ قالغان ئوبراز ـ شەكىللەردىنلا ئىبارەت دەپ قارىغان. بۇ قاراش بويىچە بولغاندا، بىز ھازىر بىر خىيالىي دۇنيا ئىچىدە ياشاۋاتقان

بولىمىز، بىز چىقىۋاتقان ۋە كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان پويىزلارمۇ ئۇلارچە يوق نەرسىلەر بولۇپ، پەقەت تۇيغۇمىز بىزنى ئالداپ شۇنداق كۆرسىتىۋاتىدۇ، ھەتتا پويىزدىكى يولۇچىلارمۇ ئوخشاشلا خىيالنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ھەقىقىي ئەمەس. تېخىمۇ ھەيران قالارلىقى شۇكى، ئۇلارچە ئۇستىدە پويىز كېتىۋاتقان رېلىسلارمۇ ماددا ئەمەس، پەقەت بىزنىڭ تۇيغۇمىز كەلتۈرۈپ چىقارغان، ئەمەلىيەتتە يوق نەرسىلەر بولۇپ چىقىدۇ. مانا بۇ، ئۇچىغا چىققان گۇمانىي قاراش بولۇپ، ئۇنى تالىشىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق.

ئىككىنچى خىل قاراشقا كەلسەك، ئۇ شۇنداق دەيدۇكى، ئالەمدىكى ماددا ۋە تۈرلۈك - تۈمەن كۈچلەرنىڭ ھەممىسى پەقەت ئۆز ـ ئۆزىدىن پەيدا بولۇپ قالغان. قاراڭلار، بۇ گەپنىڭ قانچىلىك دۆتلۈك - نادانلىق بىلەن ئېيتىلغانلىقىغا! بۇ قاراشمۇ ئوخشاشلا مۇنازىرە، دە - تالاشقا ئەرزىمەيدۇ.

دۇنيا ئەزەلىي دېگەن قاراشقا كەلسەك، ئۇ قاراشچە بولغاندا، دۇنيانىڭ بارلىققا كېلىش باشلىنىشى بولغان ئەمەس، دۇنيا ئەزەلدىن بار بولغان ۋە مەڭگۈ مۇشۇنداق بار بولىدۇ. بۇنداق قاراش مەلۇم جەھەتتىن دۇنيانىڭ ئىلاھى بارلىقىنى ئالغا سۈرىدىغان قاراش بىلەن يېقىن كېلىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، ئەزەلىيلىك دېگەن بىر نۇقتىدىن ئىبارەت. ئۇنداق بولغاندا، بىز ئەزەلىيلىك ئۇقۇمى ياكى سۈپىتىنى بەزىدە خۇدانىڭ قارشىسىدىكى جانسىز دۇنياغا، يەنە بەزىدە دائىم تىرىك بىر ياراتقۇچى ئىلاھقا قارىتىپ ئېيتىشىمىز مۇمكىن. بۇ يەردە ئىككى ئېھتىماللىقنىڭ قايسىسىنى

بۇرۇن تاللاش ئۇچۇن ئانچە ئويلىنىپ كېتىشنىڭ ھاجىتى يوق.

بۇ يەرگە كەلگەندە، بەزى پەننىي تېئورمىلارغا مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. تېرمودىنامىكا قانۇنىيىتى بويىچە قارىغاندا، بۇ ئالەمنى تۈزگۈچى بارلىق ماددىلار تەدرىجىي سوۋۇش جەريانىدا تۇرۇۋاتقان ۋە مۇقەررەر ھالدا جىسىملارنىڭ ھەممىسى نۆل گرادۇسلۇق تېمپېراتۇرا ئاستىغا چۈشۈپ قالىدىغان بىر كۈنگە قاراپ كېتىۋاتقان بولىدۇ. ئەنە شۇ نۆل گرادۇسلۇق تېمپېراتۇرا بارلىققا كەلگەن ۋاقىتتا، ماددىلاردا ئېنېرگىيە قويۇپ بېرىش يوقىلىپ، ھاياتلىق خەۋپكە دۇچ كېلىدۇ. ئاخىرى، جىسىملار نۆل گرادۇسقا چۈشۈپ قالغاندا ئېنېرگىيە چىقارمايدىغان ھالەتنىڭ شەكىللىنىشى مۇقەررەر بولۇپ قالىدۇ. مانا شۇنداق بىر كۈن كەلگەن چاغدا، يەر شارىنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالىدىن سۆز ئېچىش تولىمۇ يىراق بولىدۇ. دېمەك، ئۇنداق بولغاندا، دۇنيانى مەڭگۈلۈك دېگەن قاراش چاك بېسىپ تۇرالمايدۇ. مانا بۇنىڭدىن تەدرىجىي سوۋۇش ۋە گۇمران بولۇش جەريانىدا كېتىۋاتقان بۇ دۇنيانى باشلىنىشى بولمىغان دەپ قاراشنىڭ بىر خىل بىمەنىلىك بولىدىغانلىقى ئۇقۇلىدۇ. ئەمدىكى گەپ، شۇنىڭدىمۇ يەنە يوقالماي مەڭگۈلۈك مەۋجۇتلۇقنى ساقلاپ بارىدىغان ھېلىقى ئەزەلىيەت ئىگىسىدە قالىدۇ. بۇ يەردىكى ئەزەلىيەت ئىگىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش نىشانىمىز بولغان اللهنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق بولۇشى مۇقەررەر. ئاشۇ كۆيۈمچان قۇياش، چىمىر - چىمىر يۇلتۇزلار ۋە

هاياتلىق تۈرلىرىگە باي بۇ زېمىن پلانېتىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئالەمنىڭ ئاساسى ۋە دەسلىپى بەلگىلىك بىر باسقۇچتا باشلانغان مۇئەييەن بىر زامان بىلەن باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ تۇرامدۇ؟ شۇنداق بولغاندا، بۇ شەيئىلەرمۇ يېڭىدىن پەيدا بولغان شەيئىلەردىن پەيدا بولغان بولىدۇ. بۇ دېگەنلىك، ئالەمنىڭ ئۆتمۈشى ئۈچۈن ئەزەلىيلىك سۈپىتى بىلەن سۈپەتلەنگەن بىر ياراتقۇچى، ئۇ ياراتقۇچى ھەر نەرسىنى ياخشىلاپ تولۇق بىلگەن، كۈچ ـ قۇدرىتى تەڭداشسىز ۋە چەكسىز، بارچە ئۇلۇغلۇق ۋە مۇقەددەسلىككە بىر ئۆزى لايىق بولغان الله بولغان بولۇشى، بۇ بىپايان ئالەم ئۇنىڭ ئىجادىيىتى بولۇشى كېرەك.

زېمىننىڭ ھاياتلىق پائالىيىتى ئۈچۈن ئەپلىك بولۇشى كۆپ تەرەپلەردە كۆزگە چېلىقىدۇ. بۇلارنىمۇ ھېچقانداق قىلىپ تاسادىپىيلىق، ئۇشتۇمتۇتلۇق ئاساسىدا چۈشەندۈرۈپ بولمايدۇ.

زېمىن بوشلۇقتا ئېسىپ قويۇلغان، ئۆز ئوقىدا ئايلىنىدىغان بىر شار جىسىم. كېچە ۋە كۈندۈز ئۇنىڭدا ئالمىشىپ تۇرىدۇ. ئۇ، قۇياشنىڭ ئەتراپىنى يىلدا بىر قېتىم ئايلىنىپ چىقىدۇ، بۇ ئارقىلىق پەسىل ئالمىشىشى يۈز بېرىدۇ. پەسىللەر ئالمىشىش ئارقىلىق زېمىن يۈزىدىكى ھايات كەچۈرۈشكە، ئولتۇراقلىشىشقا باپ كېلىدىغان يەر قىسمىنىڭ كۆلىمىنى كېڭەيتىش رولىنى ئوينىغاندىن سىرت، ئۆسۈملۈك تۈرلىرىنىڭ كۆپ خىللىقىنى زېمىننىڭ تۇرغۇن ھالەتتە تۇرغاندىكىدىن

كۆپ ياخشى ئاشۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. زېمىننى سىرتقى تەرەپتىن گاز قاتلىمى ئوراپ تۇرىدۇ. بۇ قاتلام ھاياتلىقنى تەمىن ئېتىش قىممىتىگە ئىگە بىر قىسىم گازلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. ئۇنىڭ تۇرۇش دائىرىسى 500 مىلدىن ئارتۇق ئېگىزلىككىچە يېتىپ بارىدۇ. بۇ گاز قاتلىمىنىڭ زىچلىقى شۇ دەرىجىدە ئىكەنكى، يۇقىرى بوشلۇقلار ئارا ئۇزۇپ يۈرگەن ۋە سېكۇنتىغا 30 مىليون كىلومېتىرلىق تېزلىك بىلەن كېسىپ ئۆتكۈچى مىليونلىغان خەتەرلىك ئاقار يۇلتۇزلارنىڭ ئۈستىمىزگە تاشلىنىشىنى توسۇپ قالالايدۇ.

دېڭىز - ئوكيانلاردىن كۆتۈرۈلگەن سۇ پارلىرى ئىچكى قۇرۇقلۇقلاردا يۆتكىلىپ يۈرۈپ، ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرگۈچى يامغۇر بولۇپ ئۇيۇشالايدىغان يەرلەرگە يېتىپ بارىدۇ. ھالبۇكى، يامغۇر بارلىق تاتلىق سۇنىڭ مەنبەسىدۇر. ئەگەر شۇ يامغۇر بولمايدىغان بولسا، بۇ زېمىن ھاياتلىقتىن ئىزنا قالمىغان بىر قاقاس باياۋانغا ئايلانغان بولاتتى. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرىۋالالايمىزكى، زېمىن يۈزىدىكى مەۋجۇت دېڭىز - ئوكيان ۋە ھاۋا قاتلىمى پۈتۈن تەبىئەت بويلاپ ئىز قويغان مۇۋازىنەت چېقىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىدۇ.

تەبىئەت دۇنياسىدىكى سۇ دەريا - ئۆستەڭ، دېڭىز - ئوكيانلاردىكى ھاياتلىق پائالىيىتىگە خىزمەت قىلىدىغان مۇھىم تۆت ئالاھىدىلىكى بىلەن ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ ئالاھىدىلىك، بولۇپمۇ قاتتىق سوغۇق بولىدىغان چاغلاردا كۆپ نامايان بولىدۇ.

سۇ تېمپېراتۇرا ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشكەندە، ئۆزگە كۆپلەپ ئوكسىگېن سۈمۈرۈۋالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، سۇنىڭ زىچلىقى تۆت يۈز دەرىجىگە يېتىپ بارىدۇ. قارنىڭ زىچلىق دەرىجىسى ئەشۇ دەريا، كۆلچەكلەردە بارلىققا كېلىدىغان سۇغا نىسبەتەن يەڭگىل بولغانلىقتىن، سۇ يۈزىدە لەيلەپ تۇرىدىغان مۇزلارنى بارلىققا كەلتۈرگۈچى سۇنىڭ زىچلىقىدىن كۆپ تۆۋەن بولىدۇ. سۇدىن يەڭگىل بولغان مۇز قاتلىمىنىڭ سۇدىكى تېمپېراتۇرا دەرىجىسىنى مۇۋاپىق ساقلاپ بېرىشى بىلەن سوغۇق بەلۋاغلاردىكى سۇدا ياشايدىغان جانلىقلارنىڭ هايات كەچۈرۈشى كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ. مۇزغا ئايلانغان سۇ قاتلىمى تۆۋەن قاتلامدىكى سۇ هايۋانلىرىنىڭ نورمال هاياتلىقىنى ساقلايدىغان تېمپېراتۇرا مۇقىملىقىنى قامداپ بېرىدۇ.

قۇرۇقلۇقلارغا كەلسەك، ئۇ يەرلەر زېمىن مەۋجۇداتلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ مۇقىم ياشاش مۇهىتى بولۇپ هېسابلىنىدۇ. زېمىندىكى تۇپراق نۇرغۇنلىغان ئېلېمېنتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. تۇپراقتىكى ئۆسۈملۈكلەر ئۇ ئېلېمېنتلارنى ئۆزگە سۈمۈرۈپ، سىنتېزلاش ئارقىلىق جانلىقلار ئېهتىياجلىق بولغان هەر خىل يېمەكلىك تۈرلىرىگە ئايلىنىدۇ. ئىنسانلار تۇرمۇشىغا كېرەكلىك مىنېرال ماددىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى يەر يۈزىگە يېقىن ئارىلىقلاردىن تېپىلىدۇ. ئۇلار بولغان چاغدىلا، پۈختا مەدەنىيەت بەرپا قىلغىلى، تۈرلۈك پەن - تېخنىكا، هۈنەر - سەنئەت ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ

زېمىن ھايات كەچۈرۈشكە ئەڭ مۇۋاپىق ھالەتتە يارالغان. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى، شەك ـ شۈبھىسىز ھالدا ھەممىدىن خەۋەردار، ئىدىتلىق بىر بەرپا قىلغۇچى قولايلاشتۇرغان ئىشلاردۇر. شۇنداق ئىكەن، بۇ يەردىمۇ يەنە بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىراقلا تاسادىپىيلىق ياكى قارىسىغا بولۇشتىن كېلىپ چىققان دەپ قاراش مۇتلەق ئەقىلدىن ئەمەسقۇ دەيمەن. بۇ يەرگە كەلگەندە، ئىيسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ اللهقا قارىتىپ ئېيتقان مۇنۇ سۆزىنىڭ نەقەدەر توغرا ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. ئۇ مۇنداق دېگەن ئىدى: «الله ئالەمنى بىكارغا ياراتمىغان، پەقەت بىر رەھمەت ـ ياخشىلىقنى كۆزلەپ بارلىققا كەلتۈرگەن».

بەزى ئادەملەر زېمىن كۆلىمىنىڭ ئەتراپتىكى پايانسىز بوشلۇققا نىسبەتەن تولىمۇ كىچىك ۋە چاغلىقلىقىدىن كۈلۈشى ۋە ياكى ئۇنى مەنسىتمەسلىكى مۇمكىن. بۇنداق قىلىش ئەخمىقانىلىق. چۈنكى ئەگەر زېمىن چوڭ ـ كىچىكلىكتە ئاينىڭ ئورنىغا ياكى ئۇنىڭ ھازىرقى دىئامېتىرى ئەسلى دىئامېتىرنىڭ بىر يېرىم ھەسسىسىگە چۈشۈپ قالغان تەقدىردە، ئۇنىڭ ئۆزىنى تۆت تەرەپتىن ئوراپ تۇرۇۋاتقان سۇ ۋە ھاۋا قاتلىمىنى ساقلاپ قېلىشى مۇمكىن بولمايدۇ. تېمپېراتۇرا ئەڭ يۇقىرى چەككە يېتىپ، بارچە نەرسە ئۆلۈش خەۋپىگە دۇچ كېلىدۇ. ئەمما زېمىنىنىڭ دىئامېتىرى ھازىرقىدىن بىر ھەسسە زورايغان دەرىجىدە ئۇنىڭ تاشقى يۈز كۆلىمى بىراقلا تۆت ھەسسە كېڭىيىدۇ ـ دە، تارتىش كۈچى ئەسلىدىكىدىن بىر

ھەسسە ئېشىپ كېتىدۇ. يەنە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، تاشقى ھاۋا قاتلىمى تۆۋەنلەيدۇ. نەتىجىدە، ھاۋانىڭ بېسىمى ھەسسىلەپ ئېشىپ، ھەر كۋادرات مېتىر يەرگە بىر كىلوگرامدىن ئىككى كىلوگرامغىچە ھاۋا سىغدىلىدۇ. بۇنداق بولۇپ قالسا، يەر يۈزىدىكى ھاياتلىق زور تەسىرگە ئۇچرايدۇ. يەنە ئۇندىن سىرت، سوغۇق بەلۋاغ رايونلىرىنىڭ كۆلىمى زور دەرىجىدە ئېشىپ، ياشاشقا باپ كېلىدىغان زېمىن كۆلىمى شىددەت بىلەن ئازىيىدۇ. بۇ چاغدا، ئىنسانلار جەمئىيىتى ياشاش مۇھىتى جەھەتتىن بۆلۈنۈشكە يۈزلىنىدۇ ياكى ھازىرقىدىن كۆپ دەرىجىدە يىراق - يىراقلاردىن يېڭى ماكان ئىزدەش ئارقىسىدا ئۆلارنىڭ ئوتتۇرىدىكى بېرىش - كېلىش قىيىنلىشىدۇ ۋە چەتئەللەر - خەلقلەر ئارىسىدا غايەت زور بوشلۇق، ئارىلىق شەكىللىنىدۇ. بەلكى بۇنداق شارائىتتا ھايات كەچۈرۈش پەقەت خام خىيالدىن ئىبارەت بولۇپ قالىدۇ.

ناۋادا، زېمىن پىلانېتىمىز ئۆزىنىڭ ھازىرقى زىچلىق دەرىجىسىنى ساقلاپ قېلىش بىلەن قۇياشنىڭ چوڭلۇقىدا بولۇپ قالغان تەقدىردە، ئۇنىڭ تارتىش كۈچى ھازىرقىدىن 150 ھەسسە ئېشىپ كېتىپ، ئاتموسفېرا قاتلىمىنىڭ ئېگىزلىكى بىراقلا تۆت مىلغا چۈشۈپ، ئەسلىدىكىنىڭ يېرىم ھەسسىسىگە توغرا كېلىپ قالىدۇ. بۇنداق ھالەتتە، دېڭىز سۈيىنىڭ پارلىنىشى ئىشقا ئاشمايدۇ. ھاۋانىڭ بېسىمى ھەر كۋادرات مېتىر يەرگە 150 كىلوگرامدىن توغرا كېلىپ قالىدۇ. ئادەتتىكى ئېغىرلىقى 5 كىلوگرام كېلىدىغان نەرسە ئۇ چاغدا 900 كىلودىن ئارتۇقراق

ئېغىرلىققا بېرىپ قالىدۇ. كۈچلۈك تارتىش كۈچىنىڭ تەسىرىدىن ئىنساننىڭ تەن - قۇرامى نورمال ئۆسەلمەي، بارغانسېرى كىچىكلەپ بېرىپ، دالا چاشقىنى ياكى تىيىنچىلىك چوڭلۇققا كېلىپ قالىدۇ. بۇنداق مەخلۇقلاردا تەپەككۇر ھاياتى نەدە تۇرسۇن. ئەگەر زېمىن ئۆزىنىڭ ھازىرقى ھالىتىدىن كېيىنكى قۇياشلىق ھەسسىسىدە تۇرىۋەرسە، قۇياشتىن قوبۇل قىلىدىغان ئىسسىقلىق مىقدارى ھازىرقى ئىسسىقلىق مىقدارىنىڭ تۆتتىن بىرىگە چۈشۈپ قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ قۇياش ئەتراپىنى ئايلىنىپ چىقىشىمۇ ئۇزۇن بىر ۋاقىتتا ئاياغلىشىدۇ. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، قىش پەسلىمۇ ھەسسىلەپ ئۇزىراپ كېتىدۇ، يەر يۈزىدىكى تىرىك ئورگانىزملار تەلتۆكۈس مۇزلايدۇ. يەنە ناۋادا قۇياش بىلەن يەرنىڭ ئەمەلىي ئارىلىقى ھازىرقى ھالەتنىڭ يېرىمىغا قىسقارسا، زېمىننىڭ قۇياشتىن ئالىدىغان ئىسسىقلىقى ھازىرقىدىن تۆت ھەسسىگە كۆپىيىدۇ، قۇياشنى ئايلىنىپ چىقىشىمۇ تېزلىشىدۇ. ئۇ چاغدا، تۆت پەسىلنىڭ ئۇزۇنلۇقى ھازىرقىدىن يېرىم ھەسسە قىسقىرايدۇ. ئەگەر ئاشۇ ئابستراكت چۈشەنچىدىكى بىر پەسىل بولغان تەقدىردە، زېمىن يۈزىدە ھاياتلىق پائالىيىتى ئېلىپ بېرىش مۇمكىن بولماي قالىدۇ. ئەنە شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، زېمىننىڭ بۈگۈنكى ماسسىسى ۋە قۇياش بىلەن بولغان ئارىلىقى، شۇنداقلا ئۆز ئوقىدا ئايلىنىش سۈرئىتى قاتارلىقلاردىكى تەڭپۇڭلۇق ئىنسانلارغا تۇرمۇش يوللىرىنى قولايلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى ھاياتنىڭ ماددىي،

مەنىۋى، روھىي تەرەپلەردىكى بارچە شەكىللىرىدىن بىز بۈگۈن كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان لىنىيە بويىچە پايدىلىنىش ئىمكانىيىتىدىن بەھرىمەن قىلىۋاتىماقتا. ئەگەر بۇ ھايات ۋە دۇنيا ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان پىلان ياكى نىگىز ئارقىلىق بارلىققا كەلمىگەن دېيىلسە، ئۇنداقتا، ئۇ دەل ھېلىقى تاسادىپىيلىق يولى بىلەن پەيدا بولغان بولىدۇ. قېنى شۇ تاسادىپىيلىق قانداق بولسا تاسادىپىيلىق بولىدۇ؟ بىز بۇنى ئويلاپ باقايلى! ھاياتلىقنىڭ تاسادىپىيلىق بىلەن قانداق يارىتىلغانلىقىنى بىر كۆرۈپ باقايلى! ھازىر تاسادىپىيلىق ۋە ئېھتىماللىققا قارىتا پەقەت ئەڭ توغرا ئىلمىي ھۆكۈم بارلىققا كەلمىگەن چاغدىكى بىر قاتار كەڭ ساھەلەرگە تەتبىقلىنىدىغان ساغلام پەننىي ئاساسلار مەۋجۇد. بۇ خىل قاراشلار بىزنىڭ ئالدىمىزغا مەلۇم خاتالىق ئېھتىمالىنى چەتكە قاقمىغان ھالدا ھەقىقەت ۋە توغرىلىققا خېلى يېقىن بولغان ھۆكۈملەر بىلەن چېلىقىدۇ. ھەمدە بىزنىڭ تاسادىپىيلىق نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش قەدىمىمىز زور ئىلگىرىلەشلەرگە ئېرىشىپ، ھازىرقى كۈندە بەزى ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىنى تاسادىپىيلىق نۇقتىسىدىن چۈشىنىدىغان ۋە يەنە بىر قىسىم مەيدانغا كېلىش سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈش قىيىن ئىشلارنى خۇددى شىششىخال ئويۇنىدا دوغا تىككەندەك قارىسىغا تەۋەككۇلچىلىك قىلىش يولى بىلەن چۈشىنىدىغان بولۇشتۇق. بىز ئاخىرى بۇ تەتقىقاتىمىز ۋە ئۆگىنىشىمىزنىڭ ئىلگىرىلىشى شاراپىتىدە ئەشۇ تاسادىپىيلىق بىلەن بولۇشى مۇمكىن بولىدىغان ۋە

مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلارنى ئايرىپ ئېلىشقا ۋە ئۇنىدىن سىرت بىر قىسىم ئىشلارنىڭ مۇئەييەن بىر زامان چېكىدە بارلىققا كېلىش ئېهتىمالىنى هېسابلاپ چىقىشقا مۇۋەپپەق بولدۇق. ئەمدى بىز تۆۋەندە هاياتلىقنىڭ پەيدا بولۇشىدا تاسادىپىيلىق رولى بىلەن بارلىققا كېلەلەيدىغان نەرسىلەرگە نەزەر ئاغدۇرىمىز.

بىزگە مەلۇمكى، ئورگانىك هۈجەيرىلەرنىڭ ھەممىسىنى تۈزگۈچى ئاساسلىق بىرىكمە بولغان يادرو كىسلاتاسى تۆۋەندىكى بەش خىل ئېلېمېنتتىن تەركىب تاپقان بولىدۇ. ئۇلار: كاربون، هىدروگىن، فوسفور، ئوكسىگىن ۋە گۈڭگۈرتلاردىن ئىبارەت. ئورگانىزملاردىكى هەر بىر يادرو كىسلاتا مولېكۇلىسىنى تەشكىل قىلىدىغان ئاتوملار سانى 40 مىڭغا قەدەر يېتىپ بارىدۇ. ئۇنداقتا، 103 خىل ئېلېمېنت تەبىئەت دۇنياسىدا قالايمىقان هالەتتە تارقالغان بىر شارائىتتا ئۇلارنىڭ ئىچىدىن يۇقىرىقى بەش خىل ئېلېمېنتنىڭ بىر يادرو كىسلاتا مولېكۇلىسى بولۇپ بىرىكىش ئېهتىمالى بىزگە ئۇلارنى بىر بىرىكىش نۇقتىسىغا ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن كېرەكلىك بولىدىغان ئۇزاققا سوزۇلغان ئۇچراشتۇرۇش، ئارىلاشتۇرۇشقا كېتەرلىك ماتېرىيال زاپىسىنى ياكى مىقدارىنى ۋە شۇ مولېكۇلا زەنجىرى ئىچىدىكى بىر قاتار ئاتوملارنى بىر نۇقتىدا توپلاشقا كېتەرلىك ۋاقىت ئارىلىقىنى هېسابلاپ چىقىش ئىمكانىيىتىنى بېرىدۇ. بۇ خىل هېساۋاتنى شىۋىتسارىيىلىك ماتېماتىكا ئالىمى چارلىز يوگىن گاي ئىشقا ئاشۇرغان. چارلىز ئۆز تەتقىقاتىدا شۇ نەتىجىگە

ئېرىشكەنكى، بىر يادرو كىسلاتا مولېكۇلىسىنىڭ تاسادىپىيلىق يولى بىلەن بىرىكىش ئېھتىمالىنىڭ پىرسەنتى ئوندا بىرنىڭ بىرنى ئۆزىدە 160 قېتىم كۆپەيتكەندىن كېيىن چىققان ساننىڭ بىر پىرسەنتى. ھالبۇكى، بۇ تەلەپپۇز قىلىشمۇ، سۆز بىلەن ئىپادىلەشمۇ مۇمكىن بولمايدىغان بىر سان. ئۇندىن باشقا، بۇ تاسادىپىيلىق ئىشقا ئاشىدۇ دەپ قارالغان تەقدىردە، بىر مولېكۇلانى شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن كېتىدىغان ماتېرىيال زاپىسى مۇشۇ ئالەمدىكى نەرسىلەردىن نەچچە مىليون ھەسسە جىق بولۇشى كېرەك، يەنە ئۇنىڭ پەقەت يەر شارى يۈزىدە تاسادىپىيلىق يولى بىلەن بارلىققا كېلىشى ئۈچۈنمۇ مىليارد يىللار كېتىدۇ. بۇ يىللارنىڭ ساننى يۇقىرىقى ئالىم 10 مىلياردنى 10 مىلياردقا 243 قېتىم كۆپەيتكەندىن كېلىپ چىقىدىغان سان دەپ پەرەز قىلغان. يادرو كىسلاتا بولسا، ئۇزۇن كەتكەن ئامىنو كىسلاتا زەنجىرىدىن تۈزۈلگەن بولىدۇ. بۇ يەردىكى ئامىنو كىسلاتا زەنجىرى بۆلەكلىرىنىڭ ئەپلىك چىتىشچانلىقىغا ئادەم ھەيران قالىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئەشۇ شەكىلدىن باشقىچە ھالدا تۈزۈلۈپ قالسا، ئۇ چاغدا ئۇ ھاياتلىققا پايدىسىز بىر نەرسىگە ئۆزگىرىپ قالىدۇ.

تېخى گېزى كەلگەندە، ئۇ ھاياتلىققا تەھدىت سالىدىغان نەرسە بولۇپ قېلىشمۇ مۇمكىن. ئەنگلىيە ئالىمى ج. پ. لىبىنىز بىر يادرو كىسلاتانىڭ قۇراشمىغان بىر مولېكۇلاسىدىكى ئاتوملارنىڭ ئۆزئارا رەتلىك رەۋىشتە بىرىكىشى مۇمكىن بولىدىغان يوللارنىڭ نەچچە مىليارد خىلغا بارىدىغانلىقىنى ھېسابلاپ چىققان. شۇنداق تۇرۇپ: ”بۇ خىل تاسادىپىيلىقنىڭ ھەممىسى پەقەت ئەشۇ بىر

مولېكۇلا قۇرۇلۇشى ئۈچۈنلا ئۆز ئارا بىرىكىپ چىقىدۇ“ دېيىش ئەقىلدىن بەكمۇ يىراق ئەمەسمۇ؟!

لېكىن شۇنىمۇ ئويلاپ قويۇش كېرەككى، يادرو كىسلاتا بىرىكمىسى ئۆزىدە ھاياتلىق مەۋجۇت بولمىغان، ماھىيىتى بىزگە نامەلۇم بولغان ئاشۇ ئاجايىپ تىلسىم كۈچ ئۇنىڭغا چۈشكەن چاغدىلا ھاياتلىق تارايدىغان نەرسىدۇر. ئۇ بولسىمۇ، بىز دەۋاتقان چەكسىز ئاڭدۇر، ئەنە شۇ يېگانە اللهتۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ چەكسىز ھېكمىتى بىلەن ئاشۇ خىلدىكى يادرو كىسلاتا مولېكۇلا مودىلىنىڭ ھاياتلىق ئاساسى بولۇشقا يارايدىغانلىقىنى بىلگەن، نەتىجىدە، ئۇنى ئاشۇنداق قۇرۇپ ۋە شەكىللەندۈرۈپ چىققان، ئاخىرىدا يەنە ئۇنىڭغا ئۆزى ھاياتلىق سىرىنى چۈشۈرگەن زاتتۇر.

# ئومۇمىي تەجرىبە

روبېرت مورس بىگ[1]

*(فىزىكا ئالىمى)*

هەرقانداق بىر پەرەزنىڭ توغرا ياكى خاتالىقىنىڭ سىناپ كۆرۈلۈشى ئەلۋەتتە شۇ خىل پەرەزنىڭ ساغلام پەرەز ئىكەنلىكىنى ئاساسلاپ بېرىدىغان نەتىجىلەرنىڭ قولغا كەلتۈرۈلۈشى ئۈچۈن مۇئەييەن ئەمەلىي مۇهىت تەلەپ قىلىدۇ. ئۇنداقتا، هەرقانداق بىر مۇئەييەن پەرەزنىڭ توغرىلىقىنى سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن تۆۋەندىكى ئۈچ شەرت هازىرلانغان بولۇشى كېرەك:

1. مۇئەييەن ئەمەلىي شارائىت.

2. پەرەز بىلەن بىردەكلىككە ئىگە نەتىجىلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى، بۇ پەرەزنىڭ ساقلىنىپ قېلىشىغا ماس كېلىدىغان نەتىجىلەرگە ئېرىشىش.

---

[1] ئامېرىكا خامىلئون ئۇنىۋېرسىتېتىدىن دوكتورلۇققا ئېرىشكەن. 1934 ـ يىلى تۇنجى ئەۋلاد رادار قۇرۇلمىسىنى ئىجاد قىلغان ۋە رادار قۇرۇلمىسى تەتقىقاتى بويىچە 39 خىل ئىلمىي بايقاشنى ئوتتۇرىغا قويغان. يەنە كۆپلىگەن كىتاب، ئەسەرلەرنى يازغان. ئاپتور قولىڭىزدىكى كىتاب تەييارلىنىۋاتقان چاغدا، ئامېرىكا دېڭىز تەتقىقاتى ئورنىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ ئىشلەۋاتاتتى.

3. مانا شۇنداق پەرەزگە قوشۇلۇش، قايىل بولۇش، بويسۇنۇش.

بۇلاردىن ئالدىنقى ئىككى شەرت زور ئەمەلىيلىككە ئىگە بولسىمۇ، ئاخىرقى بىر شەرت ـ ئۆزىنىڭ ئالاھىدە ئەھمىيىتىگە قارىماي ـ توغرا پەرەز سىنالغان پەيتلەردىمۇ يوققا چىقىدۇ. مەسىلەن: ”ئىلگىرى كېمىلەر سۇ ئۈستىدە مېڭىش ئۈچۈن چوقۇم سۇدىن يەڭگىل نەرسىلەردىن ياسىلىشى لازىم“ دېگەن قاراشنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ياغاچتىن ياسىلاتتى. ناۋادا تېخى شۇ خىل قاراش ئومۇملىشىپ كېلىۋاتقان بىر شارائىتتا نىسبەتەن غەيرىي تۇس ئالغان ھالدا: ”كېمىلەر سۇدىن ئېغىر بولغان نەرسىلەردىن ياسىلىشى كېرەك“ دەيدىغان يېڭى قاراش ياكى پىكىر مەيدانغا كېلىپ قالسىمۇ، كېمىلەر يەنە بۇرۇنقىدەك سۇ ئۈستىدە مېڭىۋېرىدۇ ۋە ئۆز نۆۋىتىدە بۇنىڭغا چوقۇم بىرەر تۆمۈرچى قارشى چىقىپ: ”تۆمۈردىن ياسالغان كېمىلەرنىڭ سۇ ئۈستىدە ماڭالىشى مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى تۆمۈر دېگەن سۇدا لەيلىمەيدۇ“ دەپ تۇرۇۋالىدۇ ۋە بۇ قارىشىنى تېخىمۇ ئىشەنچلىك قىلىش ئۈچۈن بىر پارچە تۆمۈرنى ئات تاقىسى شەكلىدە كېسىپ سۇغا تاشلايدۇ ـ دە، ئۇ نەرسە شۇ ھامان سۇغا چۆكۈپ، تۆمۈرچى ئۈچۈن ئىشەنچلىك دەستەك بارلىققا كېلىدۇ. بۇنى كۆرگەن تۆمۈرچى بايىقى قاراشنىڭ توغرىلىقىغا زادىلا ئىشىنەلمەيدۇ. بايىقى بىر مەيدان تەجرىبە تۆمۈرچى ئۈستىنى ھېلىقى ئەنئەنىنى بۇزۇپ تاشلىغان قاراشقا مۇۋاپىق بولغان ئىككىنچى بىر تەجرىبە توغرىلىق

ئويلىنىشتىن توسۇپ قويىدۇ. گەرچە بۇ تەجرىبە نەتىجىسىنىڭ بايىقى تەجرىبە نەتىجىسىدىن باشقىچە بولۇپ چىقىش ئېھتىمالى ئالاھىدە زور بولسىمۇ. ئەگەر تۆمۈرچى بۇ قاراشنىڭ توغرىلىقىغا ۋاقىتلىق بولسىمۇ ئىشەنگەن بولسا ئىدى، ئۇ ھالدا تۆمۈرچى بايىقىدەك تەجرىبە پەيتىدە سۇغا قانداقتۇر بىر ئات تاقىسى ياكى شۇنىڭدەك بىر نەرسىنى تاشلىماستىن، بەلكى بىر تۆمۈر قاچىنى تاشلىغان بولاتتى.

بەزەن چاغلاردا، بەزىبىر قاراشلارنىڭ توغرىلىقىنى سىناپ كۆرۈش مۇئەييەن بىر شەخس ئۈچۈن قولاي كەلمەيدىغان كۆزىتىشلەرنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنداق ئىكەن، بىز پەقەت سۇ يۈزىدە لەيلەيدىغان نەرسىلەرنىلا بىلىدىغان بىر شەخسنى مىسالغا ئالايلۇق. تەبىئىيكى، بۇ شەخس ھاۋا بوشلۇقىدا ئۇچىدىغان ياكى سۇ ئاستىغا شۇڭغۇيدىغان نەرسىلەرنى كۆرۈشتىن ئاجىز كېلىدۇ. شۇ ھالەتتە ئۇ سۇ يۈزىدە قاتناپ قالغۇدەك بولسا، ئۇ چاغدا سۇ ئۈستىدە كېتىۋاتقان، سۇنىڭ تۆپىدە لەيلەۋاتقان ۋە ئۇچۇۋاتقان تۈرلۈك نەرسىلەرنى كۆرۈپ ئۆلگۈرىدۇ - دە، بۇ شەخس كۆرۈپ يەتكەن شۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئىپتىدائى ئېڭىغا نىسبەتەن ھەقىقىي بولمىغان ئىشلار سۈپىتىدە چېلىقىدۇ، ئۇ شەخسنىڭ كۆزىدە بىر ئايروپىلاننىڭ ھاۋادىن سۇ يۈزىگە چۈشۈشى ياكى بىر چۆكمە جىسىمنىڭ سۇ ئاستىدىن سۇ يۈزىگە چىقىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى يېڭىلا بارلىققا كەلگەن بولۇپ بىلىنىدۇ.

يەنە ئۇنىڭدىن ئەكسىچە ھالدا، سۇ يۈزىدە تۇرغان مەلۇم بىر جىسىم تۇيۇقسىزلا ھاۋاغا ئۇچسا ياكى سۇ ئاستىغا چۆكۈپ كېتىپ كۆزدىن غايىب بولسا، بۇنى كۆرگەن ھېلىقى ئادەم ئۇ جىسىمنى پۈتۈنلەي يوقۇلۇپ كەتتى دەپ چۈشىنىشى مۇمكىن. بۇ يەردە يەنە ئۇندىن باشقا، چۈشىنىش ئاسان بولىدىغان، سۇ يۈزىدە لەيلىگۈچى جىسىملارغا ئائىت ھادىسىلەر چېلىقىشى مۇمكىن. ئەمما ناۋادا ئۇ ئادەمگە يۇقىرىقىلاردىن پۈتۈنلەي باشقىچە بولغان بىر قىسىم ھادىسىلەر يولۇقسا، بۇلارنى ئۇنداق ئاسان يول بىلەن چۈشىنىپ ئالالماستىن، گاڭگىراش ئىچىدە تۇرۇپ قېلىشى تۇرغانلا گەپ. مەسىلەن، بىر جىسىم توساتتىن سۇ يۈزىگە ئۆرلەپ چىقسا ياكى سۇ ئاستىغا شۇڭغۇپ كەتسە، ئۇ بۇلارنى ئۆزىنىڭ سۇ يۈزىدىكى نەرسىلەرنىلا كۆرۈپ ئالالايدىغان كۆرۈش سەزگۈسىگە ئاساسەن زادىلا چۈشەنمەي قېلىشى مۇمكىن. ناۋادا بۇ شەخس ھاۋادا ئۇچىدىغان نەرسىلەردىن تارتىپ سۇ ئاستىدا ھەرىكەت قىلالايدىغان نەرسىلەرگىچە بارچە نەرسىلەرنى قىينالماي چۈشىنىپ ئالالايدىغان بىر شەخسكە ئۇچراشسا، ئۆزى شۇ چاغقىچە نۇرغۇن كۆرۈپ ۋە ئۇچرىتىپمۇ چۈشەنچە تۇرغۇزالمىغان ئىشلارنى ئۇ يېڭى شەخسنىڭ ياردىمى بىلەن چۈشىنىپ، كۆز قارىشىنى توغرىلىۋېلىشى مۇمكىن. لېكىن شۇنداق بولدى دەپ ئويلىغان تەقدىردىمۇ، بايىقى 1 ـ شەخس سۇ ئاستىغا چۆككۈچى ۋە ھاۋادا ئۇچقۇچى جىسىملارغا ئوخشاش تېمىدىكى ئىشلارنى چۈشىنىشكە ياردەم بېرىدىغان نۇقتىلىق ئۇقۇملارنى ئىگىلەشتە بەلگىلىك

قىيىنچىلىقلارغا يولۇقىدۇ ۋە قىيىنچىلىق ئاقىۋىتىدە ھەمراھى ئۇنىڭغا تەقدىم قىلغان بىلىملەرنىڭ توغرىلىقىنى بىر يول بىلەن مۇئەييەنلەشتۈرۈپ بەرمىگۈچە، ئۇ ھەمراھىنىڭ گەپلىرىدىن ئۆز ھالىغا كۆرە ئاز - تولا گۇمانلىنىشقا باشلايدۇ. ھەمراھىغىمۇ بۇنى چۈشەندۈرۈش ۋە ئىسپاتلاش ئاسانغا توختىمايدۇ. شۇنداقتىمۇ ئەمەلىي مەيداندا يۈز بېرىپ ئۆلگۈرگەن بەزىبىر ھادىسە ۋە ۋەقەلەرنى ئۆزى چۈشەنگەن بويىچە ئۇقتۇرۇپ بېرىش بىلەن ئۆزىنىڭ راست سۆزلۈكىنى ۋە ھەقلىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا ئېرىشەلەيدۇ. مەسىلەن، بىر قۇش ئاسماندىن سۇ يۈزىگە چۈشۈپ كەتكەندەك بولۇشى ۋە ھايال ئۆتمەي ئۇ قۇشنىڭ سۇدىن بېلىق ئالغىلى چۈشكەن قۇش ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۆلگۈرۈشى مۇمكىن. مانا شۇنداق پەيتتە 1 - شەخسنىڭ ھەمراھى ئۇچۇن ئۆز قارىشىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان پاكىت بارلىققا كېلىدۇ. ئەمدى بىز مۇشۇ قىسقىغىنە باش تېما ئارقىلىق اللهنىڭ بارلىقى توغرىسىدىكى ئىدىيەگە ئۆتۈپ كېتىمىز.

قېنى بىز ھازىرقى باسقۇچتا ئۇنى نوقۇل پەرز دەپ تۇرايلى، شۇنداقتىمۇ يەنە بىز ئۇنىڭ راست ياكى يالغانلىقىنى سىناپ كۆرۈشتە ئۇنى ۋاقىتلىق بولسىمۇ ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك بولىدۇ. ناۋادا بىز ئۇنى ئېتىراپ قىلماي تۇرۇپ تەجرىبىگە كىرىشىدىكەنمىز، ئۇ ھالدا بىز ھەقىقىي تەجرىبە نەتىجىسىگە ئېرىشىشتىن مەھرۇم بولۇپ قالىمىز.

بىز يەنە كۆپىنچە كىشىلەردەك ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەككى، بىزنىڭ مۆلاھىزە كۈچىمىز ئومۇمىي ھەقىقەت كۆلىمىگە نىسبەتەن تولىمۇ ئاجىز ۋە ئاددىي بولغان بىر قىسىم نەرسىلەردىن تاشقىرى نەرسىلەرگە يېتىشمەيدۇ ۋە ئاجىز كېلىدۇ. شۇنداق ئىكەن، بىز مەۋجۇدلۇقىنى ئېتىراپ قىلىۋاتقان ئىلاھنىڭ ئۆزى رېئال ئالەم ـ ماددىي دۇنيادىن تاشقىرى بولغان ۋە بىزنىڭ چەكلىك سەزگۈلىرىمىز بىلىپ يېتەلمەيدىغان بىر كۈچتۇر. ئەھۋال ئەنە شۇنداق تۇرۇپ، ئۇ كۈچنىڭ بارلىقىنى بىز قانداقتۇر بىر تەبىئىي پەن ۋاستىلىرىنى ئىشقا سېلىش بىلەن ئىسپاتلىماقچى بولىدىكەنمىز، بۇ بىر ئاشكارا ئەخمىقانىلىق ۋە بىھۇدە ئاۋارىچىلىقتۇر. چۈنكى بىز مۇراجىئەت قىلىۋاتقان ئەشۇ ئىلىم ـ پەن ۋە ئۇ مەنسۇپ تارماقلار ئۆزىگە كۆرە تولىمۇ تار دائىرە ۋە چەكلىك كۆلەمدىكى نەرسىلەردۇر.

ئۇنداقتا، ئىلاھ ئۆزى ماددىي نەرسە بولمىغان ئىكەن، ئۇ چوقۇمكى روھانىي ـ ئىدىئال نەرسە بولۇشى كېرەك ياكى ئۇنى ئادەتتىكى فىزىكىلىق ئالەمدىن تاشقىرى بىر ھەقىقەت ئالەمدە قانداقتۇر بىر ھالەتتە مەۋجۇت بولغان كۈچ دەپ قارىلىشى كېرەك. دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ كۈچنى بايىقى ئۈچ خىل قاراش ئىچىدە چەكلەپ قويۇش زادى مۇمكىن ئەمەس. ياكى ئۇنىڭ بىزگە تونۇشلۇق بولغان زامان رامكىلىرىغا بويسۇنۇشىمۇ ئېھتىمالدىن يىراق. مانا بۇ يەردە، بىز زامان ۋە ماكانىنىڭ چەكلىمىلىرى ئىچىدە تۇرغان كەڭ ماددىي ئالەمنىڭ پەقەت ئىلاھىي

مەۋجۇدىيەت سىغدىلىپ تۇرۇۋاتقان ماكرو بارلىقنىڭ كىچىككىنە بىر قىسمى ئىكەنلىكىگە تەن بېرىشىمىز كېرەك بولىدۇ. بۇ خۇددى بىز سۆزىمىزنىڭ بېشىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن ھېلىقى شەخس ئالدىدىكى دېڭىز يۈزى ئەھۋالىغا ئوخشايدۇ.

ئېنىق تۇرۇپتۇكى، دېڭىز يۈزى دەپ قارالغان شۇ مەۋجۇدىيەت يۇقىرىقى چۈشەنچىگە نىسبەتەن ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت بولغان باشقا ئالەم قىسىملىرىدىن بولغان كىچىككىنە بىر تەركىب خالاس. بۇ پەقەت بىز سۆزىمىزنىڭ بېشىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن، دېڭىز يۈزىنى پەقەت كۆز ئالدىدىكى باشقا ئالەم شەيئىلىرى ۋە ئۇ ئۆزى بەزى چەكلىمىلىرى تۈپەيلىدىن بىلىشكە مۇيەسسەر بولالمىغان تەقدىردىمۇ مەۋجۇدلىقىغا ئىسپات كەلتۈرۈشتىن ئاجىز كەلمەيدىغان ۋە باشقا ئالەم شەيئىلىرىگە نىسبەتەن بەكمۇ كىچىك قارايدىغان ئاشۇ شەخسنىڭ ئالدىدىكى دېڭىزغىلا ياكى دېڭىز يۈزىگىلا ئوخشايدۇ. ئۇنداقتا، بۇ يەردە اللهنىڭ تۈرلۈك كەمچىلىكلىرىمىز تۈپەيلى بىلىپ يېتەلمەيدىغان بىر بۆلۈك مىتافىزىك ھەقىقەتلەرنى بىزگە بىلدۈرۈپ قويۇش كۈچىگىمۇ ھەم ئىگە ئىكەنلىكىگە چىن پۈتۈشىمىز لازىم بولىدۇ.

مانا بۇلارغا چىنپۈتكەندىن كېيىن، ئېرىنمەي نەزەر سالىدىغان بولساق، ساماۋىي كىتابلارنىڭ ھەرقاندىقىدا روھىي ئالەمگە مەنسۇپ بولغان بىر قاتار قىممەتلىك بىلىملەرنى ئۇچرىتالايمىز. مانا شۇ بىلىملەر بىزلەرگە

(اللە) باشقىلارغا بىلدۈرمىگەننى بىلدۈرۈپ، تالاي خىسلەتلەرگە ئىگە قىلغان، كۆرۈنمەس دۇنيانىڭ ئەڭ يېقىن سىرداشلىرىغا ئايلانغان پەيغەمبەرلەردىن ئىبارەت بىر تۈركۈم كىشىلەر ئارقىلىق يېتىپ كەلدى. بۇ بىلىملەر ھېچقاچان بىز كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان زامان چەكلىمىلىرىگە بويسۇنغىنى يوق. گەرچە كۆرۈنمەس ئىشلار توغرۇلۇق ئالدىن ياكى ئۇدۇللۇق خەۋەر بېرىش پەيغەمبەرلەرنىڭ راستچىللىقىنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى بولالمىسىمۇ، لېكىن بىز بۇنى خۇددى ئۇلار ئېلىپ كەلگەن ياكى مەيدانغا كەلتۈرگەن نەرسىلەرنىڭ توغرىلىقىغا دەلىل كەلتۈرۈش يوللىرىدىن سۈپىتىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈۋاتىمىز. بۇ جەھەتتە ئىيسا ئەلەيھىسسالامۇ نەچچە يۈز يىللار بۇرۇنلا بىر مۇنچىلىغان خەۋەر ـ بېشارەتلەرنى بېرىپ ئۆتكەن. ئۇ خەۋەرلەر ئىچىدە ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزى، خاراكتېرى، قىلىش ئالدىدا تۇرغان ۋە ئۆزى دۇچ كېلىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى دېيەرلىك ھالدا تا ھازىرغىچە ھەرقانداق ئىلىم ـ پەن ۋە تەتقىقات ئېنىقلىما ۋە تەبىر بېرەلمەي كېلىۋاتقان نەرسىلەردۇر. زامان ۋە تارىخ مانا شۇ خەۋەرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ھەقىقىي، چىن ئىكەنلىكىنى دەلىللىدى ۋە مۇئەييەنلەشتۈردى. شۇ ئارقىلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ پەيغەمبەرلىك پائالىيىتىنىڭ ھەقىقىي ئارقا كۆرۈنۈش تاپقان، ئۇلۇغۋار ۋە راستچىل ئىكەنلىكى تولۇق ئىسپاتلاندى. مېنىڭ بىلىشىمچە، اللەنىڭ بارلىقىغا چىنپۈتۈش بولسا، پەقەت ئىنساننىڭ تۇيغۇ ـ كۆڭلىدە بىخ

سۇرىدىغان ۋە ئۇنىڭ شەخسىي بىلىمى دائىرىسىدە ئۆسۈپ - يېتىلىپ بارىدىغان ئالاھىدە ۋە ئايرىم بىر ئىش.

قايسى بىر ئىنسان يەنە قايسى بىر ئىنساننىڭ ئۇنىڭغا دەپ بەرگەن كۆرۈنمەس دۇنياغا ئائىت بەزى بىلىملەرنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىماقچى بولسا، ئۇ شۇ ھامان تەجرىبىگە كىرىشسۇن ۋە ئۇنىڭغا تەييار تۇرسۇن. ئاڭلىغان بىلىملەرگە ھۆكۈم قىلىپ بولغۇچە، ئۇنى قايتا - قايتا داۋاملاشتۇرسۇن. بۇ ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈشكە مۇناسىۋەتلىك بارچە ئىشلاردا ئومۇمىيۈزلۈك بىر شەرت. ئۇ ئىنسان ئالدى بىلەن ئۆزى ۋە ئۆز ياراتقۇچىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئىشقا ئېشىشى مۇمكىن بولىدىغان ئالاقە تورلىرىنى ئۆگىنىشى كېرەك. يەنە شۇنداقلا، شۇ ئالاقىلەرنىڭ ئەمەلگە ئېشىش يوسۇنلىرىنىمۇ ئۆگىنىپ چىقىشى كېرەك. ئەگەر ئىنسان بۇ خىل ئالاقىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن كېرەك بولىدىغان بىر قاتار شەرتلەرنى بىلىپ يەتسە ۋە شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ قەلبى ۋە بارلىقى بۇ شەرتلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا قاراپ يۈزلەنسە، ئۇنداق ئىنسان چوقۇم بارا - بارا بۇ ھەقىقەتنى كۆرۈپ يېتىدۇ. ئەنە شۇ باسقۇچتىكى ئىنساننىڭ قەلبى ئىمان بىلەن تولغان بولىدۇ ۋە ئۇنداق ئىمان ئۇنىڭ ھايات شەكلىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. نەتىجىدە، ئۇنىڭ كۆڭلىدە شەك - گۇمانغا زىنھار ئورۇن قالمايدۇ. ئەكسىچە، اللہ تائالا ئۇنىڭغا ئۇنىڭ ئۆزىدىنمۇ يېقىن ئورۇنغا ئۆتىدۇ. يەنە ئۇنىڭ ئىمانى شەك ـ شۈبھە ۋە گۇماندىن خالى بولغان ئىشەنچلىك ئىمان بولىدۇ.

# بىر تۇپ قىزىلگۈلدىن كەلگەن ساۋاق

بىرايت ستانلى كونجەدەن[①]
(فىزىكا ئالىمى، پەيلاسوپ)

كۆپ يىللار بۇرۇن، كەمىنە پەنسىلۋانىيەدىكى بىر ياقا يولنىڭ چېتىدە ئۆسكەن چىرايلىق بىر تۇپ قىزىلگۈلنى كۆرگەن ئىدىم. كېيىن بىر مەزگىل ئۆتۈپ، ئۇ يەردىن يەنە ئۆتۈپ قالدىم. بۇ قېتىم مەن ھېلىقى گۈل تۈپىنىڭ يېنىدا بىر كىچىك ساتما ئۆينىڭ ۋەيرانە ئىزناسىنى كۆردۈم. ئۇ يەرنى شۇ ۋاقىتتا قويۇق ئوت - چۆپ ۋە تۇرلۇك ئۆسۈملۈكلەر بېسىپ كەتكەن ئىدى. ئاھالىلەر تۇرۇشلۇق جاي بۇ يەرگە ئالاھەزەل يېرىم مىل يىراقلىقتا ئىدى. مەن شۇ چاغدا قانداق قىلىپ بۇ بىر تۇپ گۈلنىڭ بۇ يەردە ئۆسۈپ قالغىنىنى ئويلىنىپ قالدىم. مېنىڭچە، بۇ بىر تۇپ گۈل يا شامال ياكى سۇ ۋە ياكى ھايۋانلار بىلەن بىللە بۇ ياققا كېلىپ قالغان بىر تال ئۇرۇقتىن ئۈنۈپ قالغان دەپ قاراشمۇ ئېھتىمالدىن يىراق ئىدى. ئۇندىن باشقا ئۇ گۈلنى بۇ يەرگە تەقدىر ئېلىپ كەلگەن بىرەر گۈلنىڭ غولىدىن كۆكلەپ چىقىپ بارلىققا كېلىپ قالدى دەپ قاراشمۇ ئوخشاشلا ئېھتىمالدىن يىراق ئىدى. ئاخىرى مەن

---

[①] ئامېرىكا بورتۇن ئۇنىۋېرسىتېتى دوكتورى، فلورىدا شتاتى تىرىنسى ئېنىستىتۇتىنىڭ سابىق پروفېسسورى، ئامېرىكا فىزىكلار بىرلەشمىسىنىڭ ئەزاسى، فىزىكا، پسىخولوگىيە، پەنشۇناسلىق، ئىنجىلشۇناسلىق قاتارلىق ساھەلەر بويىچە كۆزگە كۆرۈنگەن تەتقىقاتچى.

ھېچ قىنىلمايلا شۇنى تونۇپ يەتتىمكى، بۇ گۈلنى چوقۇم بىرەر ئىنسان ئىختىيارىي ھالدا بىرەر مەنپەئەتنى كۆزدە تۇتۇپ ئاشۇ ساتما ئۆينىڭ يېنىغا تېرىپ قويغان بولۇشى كېرەك، گەرچە مەن ئۇنى بىرسىنىڭ ئۇ يەرگە تىككىنىنى كۆزۈم بىلەن كۆرمىگەن بولسامۇ، ھەمدە ئۇنىڭ ئۆتمۈشىگە قارىتا مېنىڭ ئىلكىمدە ھېچقانداق دەلىل - پاكىت بولمىغان ھالەتتىمۇ، مەن ھېچ ئىككىلەنمەستىن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، بۇ بىر تۈپ قىزىلگۈل بۇ يەرگە چوقۇم بىر ئىنساننىڭ قولى بىلەن تىكىلگەن. مانا بۇ قىسقا كۆرۈنۈشنىڭ ئۆزىمۇ بىر تۈرلۈك دەلىللەش ھېسابلىنىدۇ. بىز مانا شۇ خىل دەلىللەش ئۇسۇلىنى ئىلىم - پەن ساھەلىرىدىكى قايسى بىر پىكىر تۇرغۇزۇش ياكى بىر قانۇنىيەتكە ئىشلىتىپ كۆرۈشتىن ئىشىنىڭ دەسلىپىدىلا يىراقلاپ كېتىمىز. لېكىن شۇنداقتىمۇ بىز بۇ ھەقىقەت بىلەن دوقۇرۇشۇپ قېلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىمىز. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، بۇ ئۇسۇل ئەڭ دەسلەپكى بىلىمگە ئاساسلانغان يېگانە بىر ئۇسۇلۇبتۇر. ئەڭ بۇرۇن بارلىققا كەلگەن پەن تۈرىنىڭ ئاسترونومىيە ئىكەنلىكىدە گەپ يوق، ئەلۋەتتە. ئاسترونومىيە ئىلمىدىكى قىياسىي دەلىللەش شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، يىراق ئاسمان بوشلۇقىدا ئۆز ئورنى بويىچە جايلاشقان ھەر قايسى يۇلتۇزلار ۋە يۇلتۇز تۈركۈمى، سەييارە - پىلانېتىلارنى تەجرىبە قىلىش خاھىشىمىزغا بويسۇندۇرالمايمىز. ئۇندىن باشقا يەنە ئاسمان جىسىملىرىنى تەتقىق قىلىۋاتقان چاغلىرىمىزدا، ئۇلار بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزنى قاپلاپ

تۇرغان ئالەم رادىئاتسىيەسىنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلۇپ كېتىشكە قادىر بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئاسمان جىسىملىرى بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزنى ئايرىپ تۇرۇۋاتقان ئالەم نۇرلىرىنىڭ تەسىرىدىن خالىي بولۇشقىمۇ ئىگە ئەمەسمىز. بەلكى ئۇلار بىلەن ئارىمىزنى ئايرىپ تۇرۇۋاتقان بىپايان ئارىلىقنىڭ تۇپەيلىدىن ئۆزگىرىپ كېتىدىغانلىقى ئۈچۈن يىراق ئاسمان بوشلۇقىدىن تارقالغان ئاۋاز ۋە يورۇقلۇق دولقۇنلىرى بىلەن يېتىپ كەلگەن تۇرلۇك ئۇچۇرلارنىمۇ قولغا كىرگۈزەلمەيمىز، قوبۇل قىلالمايمىز. شۇنداق تۇرۇپمۇ، بۇ خىل شارائىت بىزنىڭ ئاسماندىكى يۇلتۇز - سەييارىلەر بىلەن بولغان تەتقىقاتىمىزنى ئۈزۈپ قويغىنى، ئىلىم - پەننىڭ باشقا تارماقلىرىدىكى تەتقىقاتلاردا ئېرىشكەن قائىدە - قانۇنلاردىن لايىقىدا پايدىلىنىشىمىزغا توسقۇنلۇق قىلغىنى يوق. بىز ئاشۇ خىل دەلىللەش ئۇسۇلىنىڭ ياردىمى بىلەن پەقەت يىراقتىنلا كۆرۈنۈپ تۇرۇۋاتقان بىپايان ئالەمنىڭ نۇرغۇنلىغان بىلىم ۋە ئۇچۇرلىرىغا ئېرىشتۇق.

ئەمەلىيەتتە، بىز تاشقى ئالەمنىڭ تۇرلۇك ھالەت ۋە پرىنسىپلىرىنى تولىمۇ قىيىن ۋە مۇرەككەپ بىر شارائىتلار ئاستىدا يەكۈنلەپ چىقتۇق. مانا ھازىرقى كۈندە بىز ئاتومدىن ئىبارەت بىر مەۋجۇدىيەتنى ئۆگىنىپ چىقتۇق. بۇ جەرياندا بىز ئاتوم ھەرىكىتى، ھالىتى، تەركىبى ۋە خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىگىلەش ئۈچۈن ئۆزىمىز بىلىدىغان ھەر خىل بىرىكتۈرۈش ۋە

ئېنېرگىيىلىك پارچىلاش ئۇسۇللىرىنى ئىشلىتىپ كۆردۇق. لېكىن شۇنىسى ھەيران قالارلىقكى، بىز تېخى ھازىرغا قەدەر شۇ زەررىچە دېگەن نەرسىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن ئەينەن كۆرۈپ باققىنىمىز يوق. ئەھۋال مۇشۇنداق ئىكەن، بىزنىڭ يەنە باشقا بىر قىسىم ئىشلاردا پاكىتتىن ئۆزىمىزنى قاچۇرۇشىمىز، ئۇندىمەي تۇرۇۋېلىشىمىز بەكمۇ ھەيران قالارلىق ئىش. ئېيتىپ كەلسەك، بىز ئامېرىكىلىقلارمۇ تۇنجى قېتىملىق ئاتوم بومبىسىنى ئاتومنىڭ كۆز بىلەن كۆرۈپ بولماس تۈزۈلۈشى ۋە ھەرىكەت ئالاھىدىلىكىگە ئائىت ساھەلەردە ئېرىشكەن بىر قاتار نەزەرىيىۋى قاراشلار ۋە پرىنسىپلار تۈرتكىسىدە ياساپ چىقتۇق. بىز مانا مۇشۇ ئىشلاردا ئوبيېكتىپ شەيئىنىڭ ئايرىم ئالامەت ـ بەلگىلىرى ئارقىلىقلا پاكىت تۇرغۇزدۇق. بىز بۇنىڭدا ھەر خىل ھادىسە ۋە شەيئىلەر توغرىسىدىكى ئەڭ دەسلەپكى ئومۇمىي چۈشەنچىلەرگە ۋە نوقۇل ھالەتتىكى مەنتىقىي دەلىللەش ئۇسۇلىغا تاياندۇق. ئەمدى بىز ئاشۇ خىل مەنتىقىي دەلىللەش ئۇسۇلىنى اللهنىڭ بارلىقى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى، سۈپەت، سالاھىيىتى قاتارلىقلارنى بىلىپ يېتىشكىمۇ ئىشلىتىپ كۆرسەك بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ دەلىللەشنى كائىنات ياراتقۇچىسى بولغان زاتنىڭ بىز ئۆزىمىزدە كۆرۈپ يېتىۋاتقان تۈرلۈك سۈپەت، ئالاھىدىلىكلەر بىلەن ئورتاقلىق تاپقان بەزى سۈپەتلەرگىمۇ ئىگە ئىكەنلىكى ھەققىدىكى ئىدىيىۋى تونۇش جەريانىغىمۇ ئىشلىتىپ كۆرسەك بولىدۇ. شۇنداق جەريانلارنى باشتىن كەچۈرۈپ

چىققاندىن كېيىن، مۇنداق قاراشقا كېلىمىزكى، كائىنات ياراتقۇچىسى بولغان ئۇ زات ھېكمەت، ئىرادە، قۇدرەت دېگەن سۈپەت ـ ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە بولغان بىر كۈچ. بۇ يەرگە كەلگەندە، شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، بىز ياراتقۇچى زاتنىڭ تۆرلۈك سۈپەت ـ سالاھىيەتلىرىنى بىلىپ يېتىشكە كىرىشكەن چېغىمىزدا، ماددىي دۇنيانى سۈپەتلەشكە ئىشلەتكەن ئاتالغۇ ـ تېرمىنلارغا، چۈشەنچىلەرگە ئوخشىمايدىغان بىر قاتار خاس چۈشەنچىلەر ۋە ماددىي ئالەمنىڭ ئاللىقانداق ھالەتلىرى بۇ مەقسىتىمىزنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىزغا خىزمەت قىلالمايدۇ. بولۇپمۇ، بۈگۈنكى كۈندە بۇ ئالەمنىڭ پەقەت نوقۇل ھالدىكى ماددىي مەۋجۇدىيىتىلا ئەمەس، بەلكى ماددا ۋە روھتىن ئىبارەت قوش ماھىيەتلىك بىر پۈتۈن گەۋدە ئىكەنلىكى تولۇق مۇئەييەن بولغان بىر ۋاقىتتا، بىز ئۇنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ، ماددىي ئالەمدىن ھالقىغان نەرسىلەرگە ئىشەنچ قىلىپ، ماددىي سۈپەت ۋە ئاتالغۇلارنى ئىشقا سېلىپ سۈپەتلىيەلمەيمىز.

مەن بۇرۇندىن تارتىپ ئوقۇغۇچىلىرىمنى «ئاڭ»غا ئوخشاش ماددا تۈرىگە كىرمەيدىغان بىر قىسىم نەرسىلەرنى تەسۋىرلەپ كۆرسىتىشكە ئۈندەپ، «ئاڭ»نىڭ خېمىيىۋى تەركىبى ۋە ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقىنىڭ قانچە سانتىمېتىرلىقى، قانچە گىرام ئېغىرلىقتا، قانداق رەڭدە، قانچىلىك بېسىمغا ئىگە ئىكەنلىكى، ھەتتا شەكلى ـ كۆرۈنۈشى قاتارلىقلاردىن تارتىپ تەسۋىرلەپ بېرىشنى سورىغىنىمدا، ئۇلار ئېغىزنى ئاچقان پېتىچە داڭقېتىپ

قالاتتى. دېمەك، بۇ يەردە بىزگە شۇ بىر ھەقىقەت ئايان بولىدۇكى، بىز قانداقلا بىر غەيرىي ماددىي ـ مېتافىزىك بولغان شەيئىنى تەسۋىرگە ئالماقچى بولىدىكەنمىز، چوقۇم ئۇنىڭغا ئادەتتە ئىلىم ـ پەن ساھەسىدە ئىشلىتىپ كۆنگەن ئاتالغۇلارغا مۇتلەق ئوخشاشمايدىغان ئاتالغۇلارنى ئىشلىتىپ تەسۋىرلىشىمىز كېرەك. بۇ مەسىلىنى يوققا چىقىرالمايمىز ياكى ئۇنىڭدىن ئۆزىمىزنى قاچۇرالمايمىز. بۇ ئالەم ماددا ۋە روھتىن ئىبارەت قوش ماھىيەتلىك بىر پۈتۈن گەۋدە بولمىغان، نوقۇل ھالدىكى ماددىي مەۋجۇدىيەتتىنلا ئىبارەت بولغان بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا بىز «ئاڭ»غا نوقۇل ماددىي تەبىر بېرەلىگەن بولاتتۇق، ئەپسۇسكى، بۇ قەتئىي مۇمكىن ئەمەس بىر ئىش. دېمۇكرىت، ھوببىس، سلوكىيون قاتارلىقلار تەقدىم قىلغان ماتېرىيالىستىك ئىدىيە ۋە يەنە شۇنىڭدەك لىبنىز، بىركلى، گېگىل قاتارلىق پەيلاسوپلار ئوتتۇرىغا قويغان نوقۇل ئۆرنەك تىپىدىكى ئىدىيە ماتېرىياللىرى كەڭ ئالەمنى ئومۇمىي بىر مەنىۋىي ئەندىزەلەر بويىچە چۈشەندۈرىدىغان بولۇپ، بۇنىڭغا ئوخشاش بارلىق قاراشلارنىڭ ھەممىسى پەقەت تەخمىن ئاساسىدىكى ھېچقانداق تەجرىبىگە تايانمىغان يالىڭاچ پەرەزلەر، پۈچەك مۆلچەرلەردىن باشقا نەرسىلەر ئەمەسلىكى ھەممىگە ئايان. تەبىئەت ۋە ئالەمگە چۈشەنچە بېرىشنى ئۆزىنىڭ پائالىيەت نىشانى قىلغان ھەر قانداق بىر پەلسەپەۋىي ھەرىكەت ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى ھەر خىل ھەقىقەتلەر، ئامىل، تۈرتكىلەر مۇشۇ ئالەمنى تۈزگەن ئېلېمېنتلار ۋە

ئۇنىڭدا يېڭىدىن پەيدا بولۇۋاتقان ئېلېمېنت - يادرولارنىڭ سىرىنى ئېچىشقا قانچىلىك قۇدرىتى يېتىدىغانلىقىنى ياخشى بىلىشى كېرەك.

ھەقىقەتەن ئىلىم - پەن تەجرىبە بىلىملىرىنىڭ يىغىندىسىدىن ئىبارەت. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇ ئىنساننىڭ ئوي - پىكرى، ھېسسىياتىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ ھەم ئىنسان ھېسسىياتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. ئىنساننىڭ ئۆزلۈك روھىي ھالەتلىرى، مۇۋەپپەقىيەت يولىدىكى ئىزدىنىشلىرى، كۆزىتىشلىرى ۋە ئۇلاردىن باشقا ئەڭ ئىنچىكە مەسىلىلەردىمۇ ئۆز تەسىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئىلىم - پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئەنە شۇنداق چەكلىمىلەر (باسقۇچلار)دىن كېيىن قوبۇل قىلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، ئۇ كۈتۈلمىگەن بىر ھالەتتە ئۇچۇر ۋە چۈشەنچە بېرىش قاتارلىق ئىشلاردا پەقەت ئايرىم ساھەلەر بىلەنلا چەكلىنىپ، بىر ئېھتىمالدىن باشلىنىپ، يەنە بىر ئېھتىمالدا ئاياغلىشىدۇ. ئىشەنچ ئاساسىدىكى ئىش يوق دېيەرلىك. ئىلىم - پەن ئۆزىنىڭ تەخمىنىگە تايانغان، تۈرلۈك پەرەز - قىياس ئاساسىدىكى خاتالىققا بەكمۇ يېقىن بولغان بىر قاتار قوشۇش ۋە ئېلىۋېتىش ئۆزگىرىشلىرىنى قوبۇل قىلىپ ماڭىدىغان، چېكى توختىمايدىغان بىر ساھە. بىز شۇنداق قارايمىزكى، ئىلىم - پەندە بىرەر قائىدە - قانۇنىيەتنى بايقاپ چىققان ھەر قانداق بىر ئالىمنىڭ: «مانا بۇ، بىز ھازىرقى پەيتتە ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەت ياكى بايقاشتۇر» دەپ كېتىشى ۋە كېيىنكى ئۆزگىرىشلەر ئېھتىمالى بىلەن روبىرو تۇرغان

بۇ بىلىم ۋە بايقاش ئىشىكى ئۆز ئورنىنى ئالىدىغان ئەكسىچە قاراشلارغا نۆۋەت ساقلىغاندەك ئۇچۇق پېتىچە قويۇلۇشى تۇرغانلا گەپ. دېمىسىمۇ، ئىلىم ـ پەن ئەزەلدىن تارتىپ بىۋاسىتە ھالەتتە ئېرىشكەن ئەمەلىي ئاساسقا تايانماي تۇرۇپ، توغرا دەپ قارىلىۋاتقان بىر يۈرۈش ئالدىن بېرىلمە ھۆكۈم ۋە يۈزەكى قاراشلار تۈرتكىسىدە ئىش ئېلىپ بارىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىلىم ـ پەن تارماقلىرىنىڭ كۆپىنچىسى پەلسەپەۋىي ئاساسلارغا ماس ھالدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. مەيلى ئىلىم ـ پەندە بولسۇن ياكى دىندا بولسۇن، مەيلى پەلسەپەدە بولسۇن، شەخس ۋە ئۇنىڭ بىلىم ئاساسى ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە ھەقىقەت چامىسىدىكى نەرسىلەر ئىلغاپ ۋە تاللاپ چىقىلىدىغان ئەڭ تۈپ ۋە بىرىنچى ۋاستە. ئۇندىن باشقا يەنە مېنىڭدەك تەتقىقات خادىملىرى ئېرىشكەن ھەر تۈرلۈك نەزەرىيە ۋە چۈشەنچىلەر باشقا ئالىم ـ تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن تەجرىبىدە سىناق قىلىنىپ بىر ياقلىق قىلىنمىغۇچە، ئۆزىنىڭ تېگىشلىك باھاسىغا ئېرىشەلمەسلىكىگە قارىماي، شەخسنىڭ يەككە ھالەتتە تۇرۇپ ھاسىل قىلغان تونۇشى، بەزى تەبىئىي پەن ساھەلىرىگە، ھەر تۈرلۈك مەسىلىلەرگە، نۇرغۇن تەبىئىي ھادىسىلەرگە بولغان شەخسىي قارىشى ئەمەلىيەتتە ئەسلى ماھىيەتكە ئەڭ يېقىن ۋە پەقەت بىزنىڭ ئايرىم تەرەپلىرىمىزگە باغلىق بىر ئىش سۈپىتىدە قېلىۋېرىدۇ. ئەنە شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن مەۋجۇت قىيىنچىلىق ۋە توسالغۇلارنى ئاشۇ ئىلىم ـ پەن يولى ئارقىلىق ئېرىشكەن ۋە قولغا كەلتۈرگەن

مۇۋەپپەقىيەتلەر بىلەن ئېچىپ بەرمەي بولمايدۇ. گەرچە ئىلىم - پەن بىزگە قىيىنچىلىقلا ئەمەس، بەلكى قىيىنچىلىقنىڭ ئارقىدىن نەتىجىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ تۇرسىمۇ، بىز شۇنى ئېتىراپ قىلىپ ئېيتىمىزكى، ئىلىم - پەن ئۆزىنىڭ بارچە تارماق ساھەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ئانالىز ۋە خېمىيىۋىلىك تۈزۈلۈش تاپمىغان بىر قاتار مەسىلە ۋە شەيئىلەرنى بىر ياقلىق قىلىپ بېرىشتىن مۇتلەق ئاجىزدۇر.

ئەمدى بىز اللەنىڭ بارلىقى توغرىسىدىكى سوئالغا كېلىپ توختىلايلى. بۇ سوئال ئۆز مەزمۇنىغا كۆرە، ئىلىم - پەن تارماقلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى چەكلىمىلىرى ۋە تار ماددىي شارائىتى تۈپەيلىدىن بىر تەرەپ قىلىش مۇمكىنچىلىكىگە قادىر بولالماي كېلىۋاتقان سوئاللار قاتارىدىندۇر. لېكىن بۇ يەردە: «قانداقتۇر بىر روھىي ئالەم ماددىي ئالەمگە تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدۇ» دېگەن قاراش مەۋجۇتلا بولسا، شۇ تەسىرنىڭ ئۆزىلا تەبىئىي پەن ساھەسىگە ياتىدىغان ئىش بولۇپ قالىدۇ. شۇ تاپتا بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىپ بېرەلەيدىغان يول، ساغلام ۋە ئوڭۇشلۇق بىر يول كېرەك بولىۋاتىدۇ. مانا بۇ يول بىز باشتىن تارتىپ تەشەببۇس قىلىۋاتقان كونكرېت ھۆكۈم چىقىرىش، ئۆزئارا ئوخشاپ كېتىدىغان نەرسىلەرنى ياكى نەرسىلەر توغرۇلۇق چىقىرىلغان ھۆكۈمنى كونكرېت شەيئى ۋە باشقا ئوخشاشلىق بېرىدىغان نەرسىلەر ئارقىلىق چۈشەندۈرۈش

ياكى بايان قىلىش ئۇسۇلىدىكى لوگىكىلىق ئىسپاتلاش، دەلىللەش ئۇسۇلىدىن ئىبارەت.

ئىلىم - پەن ساھەسى دۇنيادا يۈز بېرىۋاتقان نۇرغۇن تەبىئىي ھادىسىلەرگە ئۆزىنىڭ چۈشەنچىسىنى بېرىپ ئۆتتى. بۇ جەرياندا ماددىي ئالەمدىن باشقا يەنە بىر غەيرى ماددىي ئالەمنىڭ بارلىقىنى ئۆز لايىقىدا ئىسپاتلاپ بېرەلمەي كەلدى. لېكىن ئىلىم - پەن بۇنىڭغا قارىماي ئۆزىنىڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقى بويىچە بۇ ماددىي ئالەم سىرتىدا يەنە بىر روھانىي ئالەمنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى كەسكىن ھالدا ئىنكار قىلىشقا نائىل بولالىغان ئەمەس. بىز ئەلۋەتتە ئەقلىي پائالىيەتچانلىق قايناپ - تېشىپ تۇرغان بىر دۇنيادا ئىنسانىنىڭ قۇدرىتى ۋە ئۇنىڭ پاراسىتى بىلەن بولىدىغان لوگىكىلىق ئىسپاتلاش ۋە تەقلىدىي دەلىللەش ئۇسۇلى بىلەن بۇ كەڭ ئالەمنى يۈكسەك تەدبىر - تەقدىرىدە باشقۇرۇپ كېلىۋاتقان بىر ھەل قىلغۇچ ۋە مۇقەددەس كۈچنىڭ زۆرۈرىيىتىنى تونۇپ يېتىپ ئۈلگۈرىمىز. ئۇ چاغدا مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن بۇ كۈچ بىزگە چۈشىنىكسىز بولۇپ تۇرىۋاتقان بىر قاتار تۈتۈق ئىشلارنى ئوڭۇشلۇق ھالدا چۈشىنىۋېلىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ. مەسىلەن: سەييارە ۋە يۇلتۇز سىستېمىلىرىنىڭ ئىللىپىس شەكىللىك ھەرىكەت قىلىشىنىڭ سىرى، سۇنىڭ پارغا ئايلىنىشى، تەبىئەتتىكى كاربون تۆت ئوكسىدى ۋە ئۇنىڭ رولى، ئاجايىپ كۆپىيىش جەريانى، قۇياش ئېنېرگىيىسىنىڭ قوبۇل قىلىنىشىدا ئەھمىيىتى زور فوتوسىنتېز جەريانى ۋە ئۇنىڭ جانلىقلار

ھاياتىدىكى ئۇلۇغ ئەھمىيىتى، بۇنىڭدىن باشقا يەنە، كەڭ جاھاننىڭ ساناپ بولماس ئالىپتە ئىشلىرى ۋەھاكازالار. بىز ئاشۇ پەۋقۇلئاددە قۇدرەت ئىگىسىنى ياخشى تونۇغان چېغىمىزدا يۇقىرىقى نەرسىلەر توغرۇلۇق ئېلىپ بارغان تەتقىقات - ئىزدىنىشلىرىمىزدە ئېنىق ۋە توغرا مەۋقەگە ئىگە بولالايمىز ۋە ئۆزىمىزگە جاپا سېلىپ قويمايمىز. چۈنكى بۇ تۈزۈلۈشى مۇرەككەپ ۋە قائىدە - قانۇنىيىتى چىگىش بولغان ئىش جەريانلىرىنى پەقەت تاسادىپىيلىق ۋە تەشكىلسىزلىك ئاساسىدىكى چۈشەنچىلەر بىلەن چۈشەندۈرۈش بىزگە قانداقمۇ ئاسان توختىسۇن؟! ئۇنىدىن باشقا، دۇنيا ھادىسىلىرىدىكى سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتى، ئىنتىزام ۋە تەشكىلچانلىق، شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى سەۋەب - نەتىجىلىك مۇناسىۋەت، بىجىرىم - مۇكەممەللىك، مەقسەدچانلىق، تەڭپۇڭلۇق، مۇۋاپىقلىق قاتارلىق كائىنات ھادىسىلىرىنى ۋە تەسىرى ئەسىردىن ئەسىرگە ئۇلىنىپ كېلىۋاتقان شۇنچە كۆپ ئىشلارنى قانداق چۈشەندۈرىمىز؟

بۇ جاھاننىڭ بىر تەدبىرلىك ياراتقۇچىسى بولمىسا، ئۇ ئۇنى دائىم پەرۋىش قىلىپ، يارىتىپ - يوقىتىپ، تۈرلۈك ئىشلىرىنى بېكىتىپ، پىلانلاپ، قۇرۇپ تۇرمىسا، ئۇنىڭ ھالى قانداق بولۇپ كېتىدۇ؟ ئۇ چاغدا ئۇنىڭدىكى مەۋجۇد پايدىلىق ھالەتنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولامدۇ؟ ماھىيەتتە بولسا، ئالەمدىكى بارچە نەرسىلەر شۇ ئۇلۇغ اللهنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ئۇقتۇرۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. بىز كۆرۈۋاتقان ھەر بىر ئىش ئۇنىڭ قۇدرىتى ۋە كامالىتىگە روشەن بېشارەت. بىز ئالىملار تەبىئەتنى

تۇرلۇك تەرەپلەردىن تەھلىل قىلىش ۋە ئۆگىنىش ئەمگىكىگە چۆككەن چېغىمىزدا، باشقا ھەر قانداق ئۇسۇللار ئارقىلىق، ھەتتا ۋاستىلىك دەلىللەش ئۇسۇلى ئارقىلىقمۇ پەقەت اللهنىڭ قۇدرىتى ۋە بۈيۈكلۈك ئالامەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك چاڭقاق ئوي ۋە چۈشەنچىدىن نېرىغا ئۆتەلمەيمىز.

بىز دەۋاتقان الله بولسا، ھەقىقىي ماھىيىتىنى ئادەتتە ماددىي بىلىم ۋاستىلىرى ئارقىلىق چۈشىنىۋالغىلى بولىدىغان نەرسە ئەمەس. لېكىن ئىختىيارسىز ھالدا شۇنى كۆرەلەيمىزكى، ئۇنىڭ نۇرغۇن بەلگىلىرى ئۆزىمىزدە ۋە ئۇندىن باشقا ھەر بىر زەررە چاغلىق مەۋجۇدىيەتتە شۇنداق ئېنىق ئايان بولماقتا.

شۇنداق بولغاندا، ئىلىم ـ پەن قانداقتۇر باشقا بىر نەرسە ئەمەس، بەلكى اللهنىڭ ياراتقانلىرىنى ئۆگىنىش، قۇدرەت كۈچىنى چۈشىنىش ۋە بىلىش پائالىيىتىدىن ئىبارەت.

# مۇقەررەر نەتىجە

جون كىلىپلاند[1]
(خىمىيە ۋە ماتېماتىكا ئالىمى)

دۇنياغا مەشھۇر فىزىكا ئالىملىرىدىن لورد كىلفى مۇنداق بىر ئۇلۇغ سۆزنى قىلغان: «ئەگەر چوڭقۇر ئويلاپ باقىدىغان بولساڭ، سېنىڭ پەن تەتقىقات مەشغۇلاتىڭ سېنى بارغانسېرى اﷲنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىشكە مەجبۇر قىلىدۇ».
مەن شۇ تاپتا ئۆزەمنىڭ بۇ سۆزگە بولغان قايىللىقىمنى بىلدۈرمەي تۇرالمايمەن.
كائىناتنى زېرەكلىك بىلەن تەتقىق قىلىش، تۇرلۇك تەرەپلەردىن ئېرىشكەن ماتېرىيال، ئۇچۇرلارنى ياخشى ئاڭقىرىش ھەققىدىكى ھەرقانداق بىر مۇلاھىزە ۋە مۇھاكىمە ياكى پىكىر يۈرگۈزۈش، كاللا ئىشلىتىش، ئويلاپ كۆرۈش بىزنى ھايالسىزلا مۇنۇ ھەقىقەت ئالىمىگە تەن بېرىشكە ۋە ئۇلارنى ئېتىراپ قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ.

---

[1] دولف ئۇنىۋېرسىتېتى تەبىئىي پەنلەر ئېنستىتۇتىنىڭ باشلىقى، كورنىل ئۇنىۋېرسىتېتى دوكتورى، ۋولفرام ئايرىش، ئازوتلۇق بىرىكمە تەييارلاش مۇتەخەسسىسى.

ئۇلار بولسا: 1. ماددىي ئالەم. 2. تەپەككۇر ئالىمى. 3. روھىي ئالەم.

بىز شۇغۇللىنىۋاتقان خىمىيە ساھەسىنىڭ بۇ ھەقتە بىزنى تەمىنلىگەن مەلۇماتى تولىمۇ چەكلىك. چۈنكى ئۇ نۆۋەتتىكى كۆپلىگەن كەڭ ساھەلەر ئالدىدا تۇرۇۋاتقان ئايرىم ۋە كىچىك بىر ساھە. خىمىيە ئۆزىنىڭ ماددىدا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىش ۋە تۈزۈلۈشلەرنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش خاسلىقى بىلەن بىرگە، ئۇنىڭدىكى ماددىنى ئېنېرگىيەگە، ئېنېرگىيەنى ماددىغا ئايلاندۇرۇش خۇسۇسىيىتى بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ پەن تەبىئىي پەنلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، روھىي ئالەمگە قىلچە مۇناسىۋىتى يوق دەپ قارىلىدۇ. ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، خىمىيە پېنىنى بۇ ئالەمنى ياراتقان بۈيۈك كۈچنىڭ، يەنى اللهنىڭ بارلىقىغا ماددىي دەلىل قىلىپ كەلتۈرۈش قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن ھەمدە ئۇنىڭدا بۇ كائىنات سىستېمىسىنىڭ تاسادىپىيلىق بىلەن پەيدا بولۇپ قالغانلىقى ۋە شۇ تاسادىپىيلىقنىڭ كائىناتنى تۈزەپ، باشقۇرۇپ تۇرىدىغانلىقى، قىسقىسى ئۇنىڭدىكى بارچە ئىشلار پەقەت پىلانسىز ۋە مەقسەدسىز ھالدا بارلىققا كېلىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان تۇرسا، قانداقمۇ نەتىجىلىك بىر قاراشنى يەكۈنلەپ چىقىشنى كۈتكىلى بولسۇن؟!

يېقىنقى يۈز يىل ئىچىدە تەبىئىي پەنلەر ساھەسىدە بارلىققا كەلگەن بىر قاتار ئاكتىۋال تەرەققىياتلار ۋە ئىلمىي يۈكسىلىشلەر خىمىيە ساھەسىدىكى ماددا ۋە

ئېنېرگىيە ساھەسىدىكى ئىلمىي پائالىيەتچانلىق ئارقىلىق پەيدا بولغان. ئادەتتە، ئۇنداق ئىلمىي ئۇسۇللار ئارقىلىق ئىسپاتلاش ئېلىپ بېرىش كېيىنكى نەتىجىنى نوقۇل تاسادىپىيلىققا چىقىرىۋېتىدىغان ئېھتىماللىقلارنىڭ ھەممىسىنى يوققا چىقىرىش ياكى ئۇلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ. كۆپلىگەن ئىلمىي تەتقىقاتلار ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى نەتىجىلىرى ۋە ھازىرغىچە ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن شۇنداق بىر نۇقتىنى ياخشى ئىسپاتلاپ بېرىدۇكى، تۈمەن تۈرلۈك ماددا تۈرلىرىنىڭ ئىچىدىن كىچىك ياكى چوڭ بولسۇن، ھەر قانداق بىر ماددىنىڭ قالايمىقان ھەرىكەت قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى چەكلىك بىر قاتار تەبىئىي قانۇنىيەتلەر بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ. كۆپىنچە چاغلاردا بىرەر قانۇن ـ مىزاننىڭ بارلىققا كېلىشى ئۇ قانۇننىڭ تولۇق سەۋەبلىرى ياكى ئىجرا قىلىش شەكلىنىڭ ئايدىڭلىشىشى قاتارلىق باسقۇچلاردىن خېلى بۇرۇنلا ئىشقا ئاشقان بولىدۇ. لېكىن بۇ يەردە قانۇننى تونۇپ يېتىش ۋە ئۇنىڭ جارى بولۇشىغا تۈرتكە بولىدىغان شارائىت ـ مۇھىتلارنى ئىگەللەش كۆپچىلىك خىمىيە ئالىملىرىنىڭ نەزەرىدە بىرىنچى دەرىجىدە ئەھمىيەتكە ئىگە ئىش. ئۇلارچە، بۇ قانۇن بىرىنچى رولچى ۋە نەتىجىگە ئېلىپ بارىدىغان ئامىل بولۇپ قالغان بولىدۇ. ناۋادا: «ماددا ۋە ئېنېرگىيەنىڭ ھەرىكىتى پەقەت تاسادىپىيلىق بىلەن تولۇپ تاشقان بىر قالايمىقان ھالەتتە بارلىققا كېلىدۇ»

دەپ قارىلىپ قالسا، خىمىيە ئالىملىرىنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋاتقان بايىقى ئىشەنچ - ئەقىدىگە ئۇيغۇن بولماي قالىدۇ. بۇنداق تەبىئەت قانۇنىنى تۇرتكىلىك ئورۇنغا ئۆتكۈزۈپ قويۇۋاتقان سەۋەبلەرنى تونۇپ يېتىش ئەڭ ئاخىرقى چېكىگە يەتكەن ۋە ئۇ سەۋەبلەر بىزگە اللّٰەنىڭ ماھىيىتىنى تونۇتۇپ قويغاندىن كېيىنلا، ماددا ۋە ئېنېرگىيە ھەرىكىتىدىكى تاسادىپىيلىق ياكى چۇۋالچاقلىق ئىدىيىسىنىڭ بارلىق ئىزناسى ئۇزاق ئۆتمەيلا پۈتۈنلەي ئۆچۈپ يوقايدۇ.

بۇندىن تەخمىنەن بىر يىل بۇرۇن (بۇ ماقالىنى يېزىۋاتقان ۋاقىت كۆزدە تۇتۇلىدۇ) رۇس ئالىمى «مىندىلېۋ» خىمىيىۋي ئېلېمېنتلارنى ھەر قايسىسىنىڭ ئاتوم ماسسىسىنىڭ دەۋرىيلىك ئېشىپ بېرىشى بويىچە «ئېلېمېنتلار دەۋرىي جەدۋىلى» دېگەن بىر قانۇنىيەتنى يەكۈنلەپ چىققان. ئۇ مۇشۇ تەتقىقاتىدا مەلۇم ئېلېمېنتلارنىڭ بىر خىل تۈركۈملۈك ياكى گۇرۇپپىچانلىقىنى ھاسىل قىلىدىغانلىقى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىدىغانلىقىنى يەكۈنلەپ چىققان. قېنى ئېيتىپ باقايلىچۇ؟ مانا شۇ خىل قانۇنىيەتكە ئىگە ھالدا مەۋجۇد بولغان ئېلېمېنتلارنى بىز يەنە نوقۇللا «تاسادىپىيلىق» دەپ ئېيتالامدۇق؟ بۇنىڭغا ھېچكىم ھۆددە قىلالمايدۇ. ئۇندىن باشقا، كۆپچىلىك ئالىملار مىندىلېۋنىڭ قانۇنى تۈرتكىسىدە ئىنسانىيەت تېخى ھازىرغا قەدەر بىلىپ يېتەلمىگەن بىر قاتار ئېلېمېنتلارنىڭ مەۋجۇد ئىكەنلىكىگە قارىتا بەلگىلىك

تونۇشلارغا ئىگە بولدى. ھەتتا بۇ ساھەدىكى تونۇش ۋە قىياسلار ئەمەلىي مەۋجۇد بولمىغان ئاشۇ بىر تۈركۈم مەۋھۇم ئېلېمېنتلارنىڭ بەزەن خۇسۇسىيەت ۋە ئالاھىدىلىكلىرىنى خېلى ئىنچىكىلەپ بېكىتىپ چىقتى. كېيىنكى پۈرسەتلەردە بۇلارنىڭ بۇ ئىلمىي ئەمگەكلىرى رېئال ھەقىقەت بىلەن ئىسپاتلاندى. ئېھتىمالدىكى نۇرغۇن مەۋھۇم ئېلېمېنتلار كەشىپ قىلىندى. بۇلارنىڭ تۈرلۈك خۇسۇسىيەتلىرى ئالدىنئالا كۆتۈلۈۋاتقان سۈپەتلەرگە دەلمۇ دەل كەلدى.

ئىلىم - پەندىكى بىر مەزگىللىك كۈرەش شۇنداق مۇۋەپپەقىيەت بىلەن ئۆزىنىڭ تۇنجى مېۋىسىنى كۆرسەتتى.

مانا ئەمدى بىز ئۇچۇن مۇشۇنداق بىر ئەمەلىيەت ئالدىدىمۇ يەنە: ”بۇ ئالەم ئىشلىرىنى تاسادىپىيلىق بويىچە بولىدۇ“ دەپ ئېتىقاد قىلىشقا قانداقمۇ ئورۇن قالىدۇ؟!

شۇ ئېسىمىزدىن چىقمىسۇنكى، مىندىلېۋ كەشىپ قىلغان بۇ قانۇنىيەت «دەۋرىي تاسادىپىيلىق» دېيىلمەستىن، بەلكى «دەۋرىيلىك قانۇنى» دەپ ئاتىلىدۇ. يەنە شۇنىڭدەك، مىندىلېۋ ئوتتۇرىغا قويغان ۋە ئىلگىرىكى ئالىملار ئېرىشكەن A ئېلېمېنت زەررىچىلىرى بىلەن B ئېلېمېنت زەررىچىلىرىنىڭ ئۆزئارا قوشۇلالايدىغانلىقى ۋە A ئېلېمېنتنىڭ N ئېلېمېنت بىلەن بىرىكەلمەيدىغانلىقىدەك قانۇنىيەتنىمۇ تاسادىپىيلىق بويىچە بولىدۇ دەپ قارىيالامدۇق؟

ھالبۇكى، ئالىملار ئېلېمېنتلار ئارىسىدىكى بىرىكىش ۋە تېپىشىش ھالەتلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئاتوملىرىدا مەلۇم ئېلېمېنت ئاتوملىرىنى ئۆزىگە تارتىش ۋە مەلۇم ئېلېمېنت ئاتوملىرىنى ئۆزىدىن يىراقلاشتۇرۇش كۈچى بولىدىغانلىقىنى، بۇ كۈچ بىرىكەلەيدىغان ئېلېمېنتلاردا ئورتاق ساقلىنىدىغانلىقىنى، بىرىكەلمەيدىغان ئېلېمېنتلاردا بولسا، ئۇنىڭ ئورتاق ھالدا ساقلىنالمايدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرسەتمەكتە. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئالىملار مېتاللار ۋە شۇ قاتارلىق ماددىلارنىڭ ئاتوملىرى ئوتتۇرىسىدا ئاتوملار ماسسىسىنىڭ ئېشىپ بېرىشى بىلەن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىرىكىش سۈرئىتىنىڭ ئېشىپ بارىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقتى. ئېلېمېنتلار ئىچىدىن بروم، فتور، خلور، يود ۋە ناستاتىن قاتارلىق گالوگىنلار گۇرۇپپىسى ئېلېمېنتلىرى ئارىسىدا بۇ خىل تارتىشىش ۋە بىرىكىش ھالىتى ئۇنىڭ دەل ئەكسىچە ھالەت بىلەن كۆزگە چېلىقىدىغانلىقىنى كۆرىمىز. ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، قېنى كىممۇ بۇ ئالامەتلەرنى بىر پۈتۈن تاسادىپىيلىققا چىقىرىۋېتەلىسۇن ياكى بۇ ئېلېمېنتلارنىڭ بىر ياكى ئىككى ئايدىن كېيىن ئادەتتىكى ھەرىكەت ھالىتىدىن ئۆزگىرىپ كېتىشىنى تەخمىن قىلالىسۇن؟ ياكى زامان، ماكان بۇرۇنقىغا ئوخشاشماي قېلىش بىلەن ئۆز ھەرىكەت يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىدۇ دەپ ئېيتالىسۇن؟ ياكى كىممۇ قايسى بىر ئىنساننىڭ بىر مەزگىلدىن كېيىن چىقىپ: ”بۇ ئېلېمېنتلار تەبىئىي رەۋىشتە ياكى ئەكسىچە ھالەتتە

ياكى ئۈچىنچى بىر خىل نامەلۇم ھالەتتىمۇ رېئاكسىيەلەشمەيدۇ“ دەپ ئېيتىشقا قايىل بولسۇن؟!

تەتقىقاتلار جەريانىدا ئاتوم ۋە ئۇنىڭ قۇرۇلۇش قاتلاملىرى ئايدىڭلاشقاندىن كېيىن، شۇنى تونۇپ يېتىمىزكى، بىز كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان خىمىيىۋى رېئاكسىيەلەر ۋە خۇسۇسىيەتلەرنىڭ پۈتۈنلەي مۇئەييەن ۋە سىستېمىلىق قانۇنىيەت ئاستىدا ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى، ھەرگىزمۇ قارىغۇلارچە تاسادىپىيلىقنىڭ نەتىجىسى ئەمەسلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەرمەكتە. مىسال ئۈچۈن ئېيتساق، سىز ھازىر سانى 102گە يېتىپ قالغان، رەڭلىك، رەڭسىز، گاز، قاتتىق ياكى سۇيۇق ئېلېمېنتلار، سۇيۇقلاندۇرۇش قىيىن بولىدىغان بىر قىسىم قاتتىق ئېلېمېنتلار، يەڭگىل ئېلېمېنتلار، ئېغىر ئېلېمېنتلار، چۈرۈك ئېلېمېنتلار، قاتتىق ئېلېمېنتلار، زىچ ئېلېمېنتلار، شالاڭ ئېلېمېنتلار، ماگنىتلىق ئېلېمېنتلار، ماگنىتسىز ئېلېمېنتلار، ئاكتىپ ئېلېمېنتلار، پاسسىپ ئېلېمېنتلار، كىسلاتا ياكى ئاساسلاردىن ئىبارەت ئاشۇ ئېلېمېنتلارغا دىققىتىڭىزنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئەتراپلىق ھالدا نەزەر سېلىپ بېقىڭ ھەمدە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىق ۋە ئاجايىپ ئۆزگىچىلىكنى ئويلىنىپ كۆرۈڭ. نۆۋەتتە كەلگەندە، بەزىلىرىنىڭ مەۋجۇدلۇقى ئۇزۇن مۇددەتكىچە داۋام قىلىدۇ. يەنە بەزىلىرىنىڭ ئازغىنە بىر ۋاقىتقىچە داۋاملىشىدۇ. ئەنە شۇنداق كۆپ خىل مەۋجۇدلۇق ھالىتىدىمۇ ھەممىسى

ئورتاق ھالدا يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك دەۋرىيلىك قانۇنىغا ئىزچىل بويسۇنىدۇ. بىر قىسىم ئېلېمېنتلارنىڭ ئاتوملۇق تۈزۈلۈشىدە ئايرىم ئېنىقسىزلىقلار بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر پۈتۈن ھالدا ئۈچ خىل ئاتوم قاتلىمىدىن تۈزۈلگەن بولىدۇ. ئۇلار مۇسبەت پروتون، مەنپىي ئېلېكترون، نېترونلاردىن، ئۇندىن باشقا بىر ئېلېكترون ۋە بىر نېترونىنىڭ بىرىكىشىدىن بارلىققا كېلىدىغان مىزون ۋە ھادرون قاتارلىق زەررىچىلەردىن تۈزۈلگەن بولىدۇ. بىر خىل ئاتومدىكى نېترون ۋە پىروتونلارنىڭ ھەممىسى بىر ئاتوم يادروسىغا جايلاشقان بولىدۇ. ئېلېكترونلار بولسا، ئاتوم يادروسى ئەتراپىدىكى ئوخشىمىغان ئوربىتىلاردا ئاتوم يادروسىنى چۆرىدەپ ئايلىنىدۇ. ئاتوم يادروسى ئىگىلىگەن شۇ دائىرە خۇددى بىر مىكرو قۇياش سىستېمىسىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئاتومنىڭ پۈتۈن گەۋدىسى بىر ئەركىن ھالەتتىكى نەرسە دەپ قارىلىدۇ. خۇددى قۇياش سىستېمىسىدا شۇنداق ھەرىكەت ھالىتى مەۋجۇد بولغاندەك.

ئەگەر بۇ ئىشنى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ بايان قىلماقچى بولساق، شۇنداق دېيىش مۇمكىنكى، بەلگىلىك ئىككى ئېلېمېنت ئارىسىدىكى پەرق ئۇلارنىڭ ئاتوم يادروسىغا جايلاشقان پىروتون ۋە نېترونلارنىڭ پەرقلىنىشى ھەمدە ئاتوم يادروسى سىرتىدىكى ئېلېكترونلارنىڭ تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكىگە قاراپ بولىدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئېلېمېنت ياكى بىرىكمە بولۇشتىن قەتئىينەزەر

دۇنيادىكى مىليونلىغان ماددىلارنىڭ ھەممىسى ئورتاق ھالدا ئەمەلىي مۇقىم ھەجىمگە ئىگە بولمىغان. لېكىن ئېنېرگىيە ھالىتىدە چېلىقىدىغان ئېلېكترونلار مولىكۇلالىرىدىن تۈزۈلگەن بولىدۇ. ھەر قانداق ماددا يەنە ئۆز ئورنىدا ئاتوم سىستېمىسى ۋە مولىكۇلا تۈركۈملىرىدىن، ئېلېكترون ۋە نىترون، ئېلېمېنتلار بۆلەكچىلىرىنى تۈزگۈچى ئاتوملار، ئېلېكتىر ۋە ئۇنى گەۋدىلەندۈرىدىغان ئېلېكتىر كۈچى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئورتاق ھالدا بىر يۈرۈش بەلگىلىك قانۇنىيەتلەرگە ئاساسەن تۈزۈلۈش تاپقان بولىدۇ. ھەرگىزمۇ ئەكسىچە ھالدىكى قانداقتۇر بىر تاسادىپىيلىقتىن بولغان ئەمەس. بۇ شۇ دەرىجىدىكى، ئېلېمېنتلار ئىچىدىن پەقەت بىر نەچچىسىنىڭ ئۆزىلا شۇ تەرتىپلىك قانۇنىيەتلەرنى بايقىۋېلىشقا ۋە ئۇنىڭ تۈرلۈك تەرەپلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقىشقا بەكمۇ يېتەرلىك. ئەنە شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، كۆز ئالدىمىزدىكى بۇ كەڭ كۆلەملىك ئالەم ھەرىكىتى مۇنتىزىم پرىنسىپلار ئارقىسىدىلا ھەرىكەتلىنىدۇ. مانا شۇ ھالەتتە قانداق بىر ئەقىللىق ئادەم ئەقىل - ھېكمەت دېگەنلەردىن خالىي ھالدىكى ماددىي دۇنيا ھەققىدە: ”ئۇ ئۆزىنى ئۆزىگە ئاساسلىنىپ بارلىققا كەلتۈرگەن“ دېيەلىسۇن؟ ياكى بولمىسا: ”بۇ نەرسىلەر ھەر قايسى پرىنسىپلارنى ئالدىن پەيدا قىلىپ، ئاندىن ئۇنى ئۆزىگە قوللانغان“ دېگىلى بولسۇن؟! بەلكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى تامامەن مۇئەييەن قانۇنىيەتلەرگە ئۇيغۇن ھالدا پۈتۈپ چىقىدۇ.

خىمىيە پىنىدىن بىزگە شۇ ئايدىڭكى، بىر قىسىم ماددىلار ھازىر يوقىلىش ئالدىدا تۇرىۋاتىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ يوقىلىش سۈرئىتى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. مانا بۇ ئەمەلىيەتتىنمۇ بىزگە ماددىنىڭ ئەبەدىي نەرسە ئەمەسلىكى ئايدىڭ بولىدۇ. بۇ مەڭگۇ بولالماسلىق ئۇنىڭ ئەزەلىي بارلىقىنى يوققا چىقىرىپ تاشلايدۇ. خىمىيە ۋە باشقا پەنلەردىن قولغا كەلگەن بىر قاتار پاكىتلار شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، ماددىنىڭ دۇنياغا كېلىشى ئاستا - ئاستا ياكى تەدرىجىي شەكىلدە بولماستىن، بەلكى تۇيۇقسىز بىر شەكىلدە بولغان. ئىلىم - پەن تارماقلىرى ماددىلارنىڭ پەيدا بولغان ۋاقىت ۋە دەۋرىنى بىزگە كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. شۇنداق بولغان ئىكەن، ماددىي دۇنيانى زادى يارىتىلغان نەرسە دېمەكتىن باشقا ئىلاج يوق. دېمىسىمۇ، ئۇ بارلىققا كەلگەندىن بۇيان بىر يۈرۈش دۇنياۋىي قانۇن - پرىنسىپلار بويىچە ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ. مانا بۇ ئۇنى بىر تاسادىپىيلىق دېيىشكە ھەرگىزمۇ ئورۇن قويمايدۇ.

ئەگەر بۇ ماددىي دۇنيا ئۆز - ئۆزىنى يارىتىشتىن ئاجىز كەلسە ياكى ئۆزى بويسۇنۇۋاتقان قانۇنىيەتلەرنى بەلگىلىيەلمىسە، ئۇنداقتا ئۇ چوقۇم ماددىي بولمىغان بىر شەيئىنىڭ قۇدرىتى بىلەن يارىتىلغان بولىدۇ. كۆرۈلۈۋاتقان بارچە پاكىتلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تەقەززاسى بويىچە بۇ ياراتقۇچى كۈچ تەبىئىيلا ئەقىل ۋە ھېكمەت بىلەن قوراللانغان بولۇشى كېرەك. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن، ئەقىل - ئىرادىنىڭ كۈچىدىن ئايرىلغان ھالدا خۇددى پىسخىك داۋالاش ۋە مېدىتسىنا ئىشلىرىدىكى رولىنى كەڭ ماددىي دۇنياغا كەلگەندە

ئىشلىتەلمەيدۇ. ئۇنداقتا، بۇ ئىرادە بىلەن سۈپەتلەنگەن ئادەمگە ھەقىقىي مەۋجۇدلۇق لازىم بولىدۇ. دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەقىل بىزنى ئېلىپ بارىدىغان مۇقەررەر، مەنتىقىي نەتىجە شۇ بولىدۇكى، بۇ ئالەم ئۈچۈن پەقەت بىر ياراتقۇچىلا ئەمەس، بەلكى ھەرقانداق ئىشنى پۈختا ئورۇنلاشتۇرغاندىن سىرت، بارچە ئىشلارنى بىلىدىغان، پىلانلايدىغان، تىزگىنلەيدىغان، دائىمىي ھالەتتە مەۋجۇد بولغان، ئالامەت، نىشانلىرى ھەر يەردە ئاشكارا بىلىنىپ تۇرىدىغان، يېگانە، گېگانت كۈچ بولۇشى كېرەك. ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ كۈچ يۇقىرىقى تەلەپلەرگە تولۇق لايىقلاشتى. ئەمدى بۇ باسقۇچتا ئالەمنى ياراتقان الله دېگەن كۈچنىڭ بارلىقىغا قايىل بولۇش، ئىشىنىشتىن باشقا قاچقۇدەك يەر تاپالمايمىز.

ئاتاقلىق ئالىم لورد كالۋىننىڭ دەۋرىدىن بۇيان قولغا كەلگەن پەن تەرەققىياتى بىزنى ئۇنىڭ: «بىز چوڭقۇر ئويلىنىدىغان بولساق، ئىلىم - پەن ھەقىقەتەن بىزنى يېقىن ئاردا اللهقا ئىمان كەلتۈرۈشكە مەجبۇر قىلىدۇ» دېگەن سۆزىنى باشقا ھېچقانداق بىر سۆز سازاۋەر بولۇپ باقمىغان بىر تەرزدە (ھەممىدىن بەك) تەكىتلەشكە مەجبۇر قىلىدۇ.

# اللّٰه ۋە مۇرەككەپ بارلىق

جون ۋىلىيام كىلىس[1]
(ئېرسىيەت ۋە ئېكولوگىيە ئالىمى)

ھەر قېتىم مۇشۇ تېمىدا قەلەم تەۋرىتىشنى ئويلىساملا، كۆڭلۈمگە: «ئاسمانلار اللّٰهنىڭ كاتتىلىقىنىڭ دەلىلى بولۇپ، ئاسماننىڭ قۇرۇلۇشىدىكى مۇكەممەللىك ئۇنىڭ يارىتىلىشىنىڭ تۇنجى كۆرۈنۈشى ۋە ئەسلى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ» دېگەن ئەڭ كونا ئىككى ھېكمەت چاقناپ كېتىدۇ. بىراق دەلتە ئىنسانلارنىڭمۇ ئۆزلىرىچە: ”ئۇنداق تەڭرى ـ ئىلاھ نەدە بار بولسۇن؟“ دېگەنلەرنى دەپ تاشلايدىغانلىقىدا گەپ يوق. ئۇنىڭدىن تاشقىرى بىز قايسى پەيتتە كۆزەتمەيلى ۋە ئويلىمايلى، ئۆزىمىز ياشاۋاتقان بۇ ئالەم ـ بۇ بارلىقنىڭ قۇرامىنىڭ مۇكەممەللىكى ۋە مۇرەككەپلىكى شۇ چەككە يەتكەنكى، ئۇنى قانداقتۇر بىر ئۇشتۇمتۇتلۇقتىن كېيىن يارالغان دېيىش مىش ـ مىش گەپ بولۇپ قالىدۇ ـ ئەلۋەتتە.

---

[1] ئېرسىيەتشۇناس، پىتتسبىرج ئۇنىۋېرسىتېتىدىن دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالغان، كونكوردىيا پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى، ئېرسىيەتشۇناسلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەزاسى، ئېرسىيەت ۋە ئېكولوگىيە ئالىمى.

دېمىسىمۇ، بۇ ئالەم قايسى بىر باققۇچى ۋە باشقۇرغۇچىغا قارام بولۇپ قالغان ۋە كۆرمەسكە سېلىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان بىر تالاي ئالپتە ۋە چىگىش ئىشلارغا تولغان؟! كىشى بۇ يەرگە كەلگەندە، ئىلىم - پەننىڭ ھەر قايسى تۈرلىرى تېپىشماقتەك بۇ جاھاننىڭ ئىشلىرىنىڭ بارار - تۈرارىنى يەنىمۇ چۈشىنىشىمىزگە ياردەم قىلىشىغا ئىشەنمەي تۇرالمايدۇ. تېخى شۇلار ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ ئاللەقا بولغان تونۇشىمىز ۋە ئۇنىڭ بارلىقىغا بولغان ئىشەنچىمىز ئېشىپ بارغۇسى. بۇ ئالەمنىڭ ھاڭ - تاڭ قالارلىق خىلمۇ خىل ئىشلىرى قاتارىدىن شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۈزلۈكسىز ماسلىشىش مۇناسىۋىتى بويىچە كۆپلىگەن ئىشلار ئۇچراپ تۇرىدۇ.

خوش، ئۇنداقتا، ياسمەن ياكى ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىن بولغان يوكا ئۆسۈملۈكى بىلەن يوكا كېپىنىكى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىمۇ ئەنە شۇنداق ھاڭ - تاڭ قالارلىق مۇناسىۋەتلەردىن بىرى دېيىشكە بولىدۇ.

ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىن بولغان بۇ گۈلنىڭ چېچەكى دائىم تۆۋەنگە قاراپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ چېچەكىنىڭ ئانىلىق ئورنى ئاتىلىق ئورنىدىن ئىچكىرى ۋە يېپىقراق بولىدۇ. چېچەكنىڭ ئوتتۇرىسىدا قاچىسىمان ئويمان - چېچەك باغرى بار بولۇپ، چاڭ دانىچىلىرى مۇشۇ يەردە ئۇچرىشىدۇ. بىراق ئۇنىڭ شۇنچە يېپىق ۋە يوشۇرۇن چېچەك باغرىغا چاڭ دانىچىلىرىنىڭ ئۆزىچە چۈشۈشى مۇمكىن بولمايلا قالماستىن، تېخى بىز ئويلاپ يەتمىگەن بىر ئەلچى - يوكا كېپىنىكىنىڭ ئەمگىكى بىلەنلا ئىشقا ئاشىدۇ. بۇ

كېپىنەك ئۆز ئىشىنى كۈن ئولتۇرۇپ كۆپ ئۆتمەيلا باشلىۋېتىدۇ. ئۇ شۇ يولغا چىققانچە ھەر تۈرلۈك گۈل - چېچەكلەرنى ئارىلاپ يۈرۈپ، بىر مۇنچە چاڭ دانىلىرىنى توپلاپ ئالىدۇ ۋە ئۇلارنى ئۆزىنىڭ خۇددى مۇشۇ ئىش ئۈچۈنلا يارالغان تولىمۇ ئەپلىك ئېغىزىدا ساقلاپ يۈرىدۇ، ئاندىن بۇلارنى ئېلىپ باشقا تىپتىكى ئۆسۈملۈكلەر قېشىغا ئۇچۇپ بېرىپ، بايا دېگەن چېچەك باغرىدىكى ئانىلىق تۇخۇمدانىنى ئايىغىدىكى ئەپچىل نەشتىرى بىلەن تېشىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى خۇددى يىڭنىگە ئوخشاپ كېتىدىغان يېپىشقاق چاڭدانلارنى ئانىلىق چاڭ تۇخۇملىرى بىلەن بىر - بىرلەپ جۈپلەشتۈرگىنىچە، چېچەك ئاستىغا تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىپ، چېچەك تۈۋىگىچە بارىدۇ. بۇ چاغدا كېپىنەك ئۆزى توپلىغان چاڭ دانىلىرىنى چېچەك باغرى ئۈستىدە تۈگۈنەك شەكلىدە تاشلاپ كېتىدۇ. ئاندىن بۇ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ گاھى بىرلىرى ئەشۇ كېپىنەك لېچىنكىلىرىنىڭ ئوزۇقلۇقى بولۇپ ئۆتسە، گاھى بىرلىرى ھاياتلىق ئۈچۈن كېرەكلىك رولنى ئۆتەيدۇ.

ئۇندىن باشقا ئەنجۈر دەرىخى بىلەن چاقچاق قارا ھەرە توپى ئارىسىدىمۇ دەل بايىقى ئۆزلۈكسىز ماسلىشىش مۇناسىۋىتىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل مۇناسىۋەت بولۇپ، بۇنىڭمۇ كۆزىتىش قىممىتى خېلى يۇقىرى.

دەسلەپتە بۇ دەرەخنىڭ ھەرقايسى بىخ ئورۇنلىرى چىشى ۋە ئەركەك چېچەكلەردىن ئوخشاش قۇرلاشقان چېچەك كۆزلىرى چىقىدۇ. دەل مۇشۇ چاغدا يەنە بىر يەردە پۈتۈن چېچەك تىپى چىشى بولغان ئۆسۈملۈكلەر بولىدۇ. بۇ

ئىككى تۈرنىڭ ھەر ئىككىسىدىلا ئانىلىق چېچەكلەرنىڭ چاڭلىشىشىنى چىشى ھەرىلەر ئىشقا ئاشۇرىدۇ. چېچەك تۈگۈنلىرىنى ئۆز ئىچىگە پۈختا يوشۇرۇۋالغان گۈل تەخسىسى بەكمۇ پۈتەي ھالەتتە بولىدۇ. ئانىلىق ۋە ئاتىلىق چېچەكلەرمۇ ئوخشاشلا بىرەر يوچۇق يوق دېگۈدەك بەكمۇ پۈتەي بولۇپ، ئۇنى بىر قەۋەت قويۇق گۈل ياپرىقى ئوراپ تۇرىدۇ. بۇنىڭدا ھەرىنىڭ گۈل تەخسىسىنىڭ ئىچىگە ئۆتۈپ ئۆز ۋەزىپىسىنى ئورۇندىشىمۇ خېلى قىيىن ئەھۋالدا ئىشقا ئاشىدۇ. ھەتتا تۈگۈنچەك ئىچىگە كىرمەكچى بولغان ھەرە بەزىدە ئۆز قاناتلىرىنى سۇندۇرۇپ قويىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ھەرە مىڭبىر مۇشەققەتتە بۇ سىرلىق ئۆڭكۈرگە كىرگەندىن كېيىن، ئانىلىق ۋە ئاتىلىق بارچە چېچەكلەرنى بىر - بىرلەپ يوقلاپ چىقىدۇ. كىرگەن ھەرە چىشى بولسا، شۇ يەردە تۇخۇم تۇغقاندىن كېيىن ئۆلۈپ قالىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ تۇخۇمى ئاستا - ئاستا قۇرتلايدۇ ۋە زەمبۇرۇغلار بىلەن جۈپلىشىپ كۆپىيىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈك ئۆڭكۈرىدىن ئېغىر ئاياغ چىشى ھەرىلەردىن باشقا ئەركەك ھەرىلەر چىقالماي ئۆلۈپ قالىدۇ. ئەشۇ چىشى ھەرىلەر گۈل - چېچەكلىرىدىن چىققۇچە ئۆز تېنىگە يۇقتۇرۇۋالغان چاڭ - دانىلىرىنى يەنە يېڭى - يېڭى گۈل- گىياھلار قېشىغا ئېلىپ بارىدۇ.

ناۋادا بۇ يېڭى گۈللەرنىڭ چېچەكلىرىدە ھەم ئانىلىق ھەم ئاتىلىق چېڭى بولسا، چاڭلاشتۇرۇشنىڭ جەريانى يۇقىرىقىدەك ئاياغلىشىدۇ. ئۇنداقمۇ بولماي، يالغۇز ئانىلىق چېچەكلا بولۇپ قالسا، چاڭ ئېلىپ كەلگەن

كېپىنەك تۇخۇم قويالماستىن ئۆلۈپ كېتىدۇ. بۇنداق بولۇشى يالغۇز كەلگەن ئانىلىق چېچەك بىر ئاز ئۇزۇن بولۇپ، ھەرە تۇخۇم قويۇش ئۇچۇن چېچەك تۈۋرۈكىگە يېقىنلىشالمايدۇ. شۇندىمۇ ھەرە بۇ تۈۋرۈككە يېقىنلاشقىلى ھەپىلەشكەن ئارىلىقتا تېنىدىكى باشقا يەردىن ئېلىپ كەلگەن بىر مۇنچە چاڭ دانىلىرىنى چېچەك چاڭدانلىرىغا يۇقۇشتۇرۇپ بولىدۇ. ئاندىن چېچەك ئۇرۇقلىنىپ، ئەنجۈر مېۋىگە كىرىدۇ. ئەنجۈر ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرىغا دەستلەپ كىرگۈزۈلگەن چاغلاردا مېۋە بەرمەيتتى. شۇنىڭ ئۇچۈن، ئەنجۈرنى پىششىقلاپ ئىشلەش، كونسېرۋا قىلىش ۋە ئىشلەپچىقىرىش دېگەنلەر بولمىغان. بۇ ئىشلار پەقەت چاڭ تارقاتقۇچى كېپىنەكلەر بۇ يەرگە ئۆگىتىلگەندىن كېيىنلا بارلىققا كەلدى.

قۇرۇقلۇقىمىزدا ھاشاراتلارنى گۈلى ئىچىگە قامىۋېلىپ، ئۆلتۈرۈپ قويىدىغان بىر تۈركۈم ئۆسۈملۈكلەر بار بولۇپ، بۇلاردىن «سولاقلىق چاڭ» دېگەن بىر خىل قەپەزسىمان ئوتنى مىسال ئېلىشقا بولىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ چېچىكى ئىككى خىل بولۇپ، بىرسى ئانىلىق، يەنە بىرسى ئاتىلىق چېچەك بولىدۇ. بۇ چېچەكلەر ئىچكىرىلەپ كىرگەنسېرى، تولىمۇ تارلىشىپ كېتىدىغان گۈل قەپىزى ئىچىدە يېتىلىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنى چاڭلاشتۇرۇشنى بىر خىل ئىنچىكە چىۋىن ئۈستىگە ئالغان. چىۋىن ئوت ئۆسۈملۈككە يېقىنلىشىپ، گۈلگە قونۇپ ئوتتۇرىدىكى تار رايوندىن ئۆتۈپ بولماستا، ئۆزىنى سولاق ئىچىدە كۆرىدۇ. ئۇنىڭ ئوپۇل - توپۇللا ئۇ يەرگە چۈشۈپ قېلىشى پۈت

ئورنىنىڭ تارلىقىدىن بولماستىن، بەلكى گۈلنىڭ ئىچكى ياپراق قىسمى بىر خىل شىلىمشىق سۇيۇقلۇق ماددا بىلەن ئورالغان بولغاچقا، ھاشارات پۈتى ياپراق ئۈستىدە توختىيالماي قەپەز ئىچىگە تېيىلىپ چۈشىدۇ. بۇ چاغدا ھاشارات ئۇنىڭ ئىچىدە چىققىلى يوچۇق ئىزدەپ ساراڭلارچە ئايلانغىلى تۇرىدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن، ئاستىدىكى چېچەك چاڭدانلىرىدىن بىر مۇنچىنى ئۆز تېنىگە يېپىشتۇرىۋالىدۇ. ئاز ئۆتۈپ گۈل قەپىزىنىڭ ئۆپچۆرىسىدىكى نەرسىلەرمۇ قېتىشىدۇ ۋە ھاشاراتمۇ چىقىپ كېتەلەيدۇ. ناۋادا ھاشارات يوقلىغان ئوت ھېلىقىدەك ئاتىلىق ئوت بولغاندا، ئىش بايىقىدەكلا ئاياغلىشىدۇ. ئەگەر ئانىلىق بولۇپ قالغاندا، ھاشارات ئۇنىڭ ئەشۇ قامىقىدىن چىقالماي، مەڭگۈلۈك مەھبۇس بولۇپ ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئۇ چىقىپ كېتىش ئۈچۈن ئېچىنىشلىق ئېلىشىۋاتقان ئاشۇ چاغدا، ئۆز تېنىدىكى چاڭلار بىلەن ئانىلىق چېچەكنى چاڭلاشتۇرۇپ بولىدۇ. بۇ چاغدا ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىپ بولغان ھاشاراتنىڭ ئۆز قويىنىدىن چىقىپ كېتىشى ئۆسۈملۈك ئۈچۈن ئانچە مۇھىم بىلىنمەيدۇ - دە، ئۇنى تۇرغان يېرىدە ھېچ يەرگە سىلجىتماي بىر ياقلىق قىلىپ تاشلايدۇ. شۇڭىنىسى، ھاشارات ئاتىلىق ئوتلارغا دارىپ قالغان چېغىدا، قەپەزگە چۈشكەن ھاشاراتنى يەنە چىرايلىقچە يولغا سېلىپ قويىدۇ. چۈنكى بۇنىڭدا ھاشارات ئۆز ئەلچىلىكىنى تولۇق پۈتتۈرگەن بولمىغاچقا، چېكى ئېلىپ كېتىلگەن ئاتىلىق

چىچەك ھاشاراتنىڭ ئانىلىق چاڭلارنى ئېلىپ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ.

ئەي كاللىسى ساغلام كىشىلەر! مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر ﷲنىڭ بارلىقىنىڭ ئېنىق پاكىتلىرى ئەمەسمۇ؟

بۇ ئاجايىپ ماسلىشىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى نوقۇل تاسادىپىيلىق ـ ئۆشتۈمتۈتلۇق بىلەن پۈتكەن دەپ تەسەۋۋۇر قىلىش بىزنىڭ ئېڭىمىزغا توغرا كەلمەيدۇ. بۇ چوقۇم بىر يۈكسەك كۈچ ـ قۇدرەت ۋە دانالىق بىلەن پىششىق كېلىشتۈرۈشنىڭ مەھسۇلى بولۇشى كېرەك ـ ئەلۋەتتە. ئۇندىن تاشقىرى، ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت تەڭپۇڭلۇقىغا ئارىلىشىش ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنغان نۇرغۇنلىغان ئىش ـ كۈشلەردىمۇ ﷲنىڭ بارلىقى ۋە ئۇنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىگە ئىسپات بولىدىغان نۇرغۇنلىغان پاكىتلارنى كۆرۈپ يېتىمىز. ئاۋۇستىرالىيە قۇرۇقلۇقىغا تۇنجى كۆچمەنلەر چۈشكەن چاغدا، بۇ يەردە سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلاردىن پەقەت «دىجو» دەيدىغان بىر خىل ئىتلا بار ئىدى. دەسلەپتە كۆچمەنلەر ئانا يۇرتى ياۋرۇپادىن ئايرىلىش ئالدىدا ئۆزلىرىنىڭ ئۇ يەردىكى توشقان شىكارى ۋاستىسى بىلەن ئېرىشىدىغان ئوۋ ئوۋلاش ۋە تەن چېنىقتۇرۇش پۇرسىتىنى چوڭقۇر ياد ئېتىپ قېلىشقان. شۇڭا ئۇلار ئاۋۇستىرالىيە يېرىدىكى بۇ خىل كۆڭۈلسىزلىكنى تۈگىتىش ئۈچۈن ئاكتىپ تۇردە تەبىئەتنى ياخشىلاش ئىشىنى ئېلىپ بېرىشقا باشلاپ، توماس ئوستىن دېگەن ئادەم ياۋرۇپادىن بۇ يەرگە 12 جۈپكە يېقىن توشقان

كەلتۈرۈپ باققان. بۇ دەل، 1859 ـ يىلىدىكى ئىشلار ئىدى. توشقانلار بۇ يەرگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇلارغا بۇ يەردە ھېچقانداق تەبىئىي كۈشەندە بولمايدۇ. شۇڭلاشقا توشقانلار بۇ يەردە تېزلىك بىلەن ئاۋۇيدۇ ۋە سانى كۈندىن كۈنگە ئېشىپ، كۈتۈلگەن مۆلچەردىن كۆپ ئېشىپ كېتىدۇ ۋە بۇنىڭ ئۈنۈمى يامان بولۇپ چىقىدۇ. كۈنسېرى غولداپ كېتىۋاتقان بۇ توشقانلار ھەر تەرەپكە يامراپ مال ـ چارۋىلارنىڭ يايلاق ـ ئوتلاقلىرىنى يەپ تۈگىتىۋېتىپ، بۇ يۇرتلار ئۈچۈن زور زىيانلارنى سالىدۇ. ئاخىرى بولماي توشقانلارنى تىزگىنلەشكە تۇتۇش قىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ يولىنى توراش ئۈچۈن پۈتۈن قۇرۇقلۇق بويىچە سوزۇلغان ئۇزۇنلۇقى 1000 مىل كېلىدىغان تام سوقۇلىدۇ. شۇنچە ئۇرۇنۇشلارغا قارىماي، توشقانلارنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولمايدۇ ۋە توشقان توپلىرى بۇ تاملاردىن ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئاخىرى بۇلارنى تىزگىنلىيەلمەي بېشى قاتقان كىشىلەر ئۇنىڭغا بىر خىل زەھەرنى يەم ئورنىدا بېرىپ كۆرىدۇ. لېكىن بۇ چارىمۇ توشقانلارغا يېڭىلىشتىن باشقا ئۈنۈم بېرەلمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارنى تىزگىنلەشنىڭ زادىلا ئامالى تېپىلماي، توشقانلارنىڭ پاتپاراقچىلىقى ئىچىدە بىر نەچچە يىل ئاشۇنداق ئۆتۈپ كېتىدۇ.

كېيىنكى يىللارغا كەلگەندە، بۇنىڭ چارىسىمۇ تېپىلىدۇ. كىشىلەر توشقانلارنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايدىغان بىر خىل كېسەللىك ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملاندۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارنى ئۇجۇقتۇرماقچى بولىدۇ. بۇ، بىر خىل پالەچ كېسەللى بولۇپ، توشقاننى ماڭالماس قىلىپ قوياتتى.

بۇنىڭ بىلەن، توشقانلارنىڭ پاراكەندىچىلىكى بىر ئاز بېسىققاندەك قىلسىمۇ، ئۇنۇمى يەنىلا ئاستا بولغان.

كېيىنكى كۈنلەردە ئاڭلىشىمىزچە، بۇ خىل كېسەل تارقالغاندىن كېيىنمۇ توشقانلار تەن بەرمەي، خۇددى قەيسەر جەڭچىلەردەك خېلى ئۇزۇنغىچە كۈرەش قىلغان. ئاخىرى، توشقانلارنىڭ يامراپ كېتىشى تىزگىنلەنگەن ۋە كۆپ ياخشىلىنىشلار بارلىققا كەلگەن. ئون يىللارچە قاقاس قېلىپ ئوت - خەس، دەل - دەرەخسىز قۇملىشىپ كەتكەن رايونلار، گىياھ ئۈنمەس تاقىر تاغلار ياپ - يېشىل بوستانلىقلارغا ئايلانغان. چارۋىچىلىقمۇ ئۆز ئىزىغا چۈشكەن. شۇ خىل ياخشىلىنىشلار قاتارىدا چارۋا ئىشلەپچىقىرىشىمۇ ئاۋۇپ، 1952 - يىلدىن 1953 - يىلغىچە بولغان بىر يىل ئىچىدىكى چارۋا مەھسۇلاتى قىممىتى 84 مىليون فوندقا يەتكەن. بۇلارغۇ ئاۋۇستىرالىيە چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى ئىشلار، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بىزنىڭ ئامېرىكىدىمۇ خۇددى شۇنىڭدەك توشقان كىرىزىسى يۈز بېرىشى مۇمكىن. بۇنداق دېيىشىمىزنىڭ سەۋەبى چۈشىنىشلىك بولسا كېرەك. ھازىر كىشىلەر بەس - بەستە ئېلىپ كېلىۋاتقان ياۋروپا توشقانلىرى ئامېرىكا يەرلىك توشقانلىرىغا ئوخشىمايدۇ. قىزىقىش ئوبيېكتى بولۇپ قالغان بۇ توشقانلارنى سان جون ئارىلىدىلا كۆرەلەيسىز. ئۇلار بۇ يەردە 1900 - يىللاردىن بېرى پىنھان ھالەتتە ياشاپ كېلىۋاتماقتا. ئوۋچىلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ ئايرىم كىشىلىرى ئىلگىرىدىن تارتىپ كەڭ تارقىلالماي كېلىۋاتقان پاختا قۇيرۇقلۇق توشقاننىڭ ئورنىغا ئاشۇ سان

جون توشقىنىنى پۈتۈن شىتاتلارغا تارقاتماقچى بولدى. ناۋادا شۇنداقلا بولۇپ قالسا، بۇنىڭ نەتىجىسىمۇ بىز كۈتكەن يەردىن چىقمايدۇ. چۈنكى سان جوندىن چىقىرىلغان بۇ ياۋروپا توشقانلىرى ئامېرىكىدا خۇددى ئاۋۇستىرالىيەدىكى توشقانلاردەك كۆپىيىۋېرىپ، ئاخىرىدا يىغىشتۇرۇپ بولغىلى بولماس بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئۇلارچە بۇ خىل كۆپىيىشنى تىنىماي ئوۋ قىلىش ئارقىلىق توسۇپ قالغىلى بولغۇدەكمىش. شۇنىسى مەلۇمكى، بۇ يەردە ھەر تۈرلۈك تەدبىر قوللانسىمۇ، ئۇلار ئەنە شۇ ئاۋۇستىرالىيەدىكى قورقۇنچلۇق يىللارغا دۇچار بولماي قالمايدۇ. ئەمدى تېخىمۇ قىزىق يېرى شۇكى، بۇ خىل چاشقان ۋىرۇسىنى ياۋروپادىمۇ ئىشلىتىپ كۆرگەندە، ئۇ ئۆزىنىڭ بەلگىلىك كۈچىنى كۆرسەتكەن. شۇ چاغدا ياۋروپادا بېقىلىۋاتقان توشقانلارنىڭ سانىمۇ كۈنسېرى ئارتىپ بېرىپ، ئۆز ئۆۋلىرىنىڭ ئۆپچۆرىسىدىكى دەل - دەرەخ، باغ - ۋارانلارنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ. مانا بۇ ئىشلارغا ئۇزۇندىن بۇيان كۆڭۈل بولۇپ كېلىۋاتقان فرانسىيەلىك بىر دوختۇر بۇ يەرگە بىر بۆلۈك ۋىرۇسلارنى كەلتۈرۈپ، ئۇلارنى ئۆزى ئوۋ قىلىپ تۇتۇۋالغان ياۋا توشقانلارغا سىناق قىلىپ ئۇرىدۇ. ئۇنۇم كۆرۈلگەندىن كېيىن، بۇ خىل چارە ھەممە يەرگە تارقىلىپ قوللىنىلىشقا باشلايدۇ. شۇ ئىشتىن كېيىن فرانسىيەدىلا ئەمەس، باشقا قوشنا ياۋروپا رايونلىرىدىكى توشقان سانىدىمۇ بىردىنلا ئازىيىش كۆرۈلىدۇ. كېيىن كىشىلەر بۇ خىل ئەھۋال توغرىسىدا بەس - بەستە غۇلغۇلا قىلىشىپ، بۇ ئىشقا بولغان ھەرخىل

چۈشەنچە ۋە كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىدۇ. بەزىلىرى: ”بۇ ئىش نامراتلار قاتلىمىنىڭ تىرىكچىلىك قىلىدىغان گۆش زاپىسىنى ئازايتىۋەتتى“ دېسە؛ يەنە بەزىلىرى: ”توشقانلار سانى ئازايتىلغاندىن كېيىنكى گۆش قىسلىقى ئورنىغا ئۆسۈملۈك ئىشلەپچىقىرىشى ياخشىلىنىدىغان بولدى“ دېيىشتى.

بىز دەسلەپكى تېمىدىلا ﷲنىڭ بارلىقىنىڭ پاكىتلىرىنى سۆزلەپ بولغان. ئەمدى كېيىنكى مىساللارغا كەلسەك، ئۇلارمۇ ئوخشاشلا ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە ئالدىن بىلەر ھېكمىتى ۋە تەدبىرىگە ئىسپات بولىدىغان ئىشلاردۇر.

ﷲ بارلىق تەبىئەت ساھەلىرىدە ياراتقان بۇ تەڭپۇڭلۇققا تولىمۇ نازۇك بىر ئىش قاتارىدا قارىلىشى كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن، ئۇنىڭغا ئارىلىشىشقا ئۇرۇنۇش بەربىر تۈگىمەس زىيانلارغا ئېلىپ بارىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەيلى كىم بولمىسۇن، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇن - پرىنسىپلىرىنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنۇپ بېقىشتىن ئىلگىرى سوغۇققانلىق بىلەن بۇ نۇقتىنى ئويلاپ كۆرۈپ، ئۆپكىسىنى قاتتىق بېسىۋېلىشى كېرەك. دېمىسىمۇ، ئىنساننىڭ ھەر قانچە چېۋەر، چاققان بولۇپ كېتىشى ياراتقۇچىنىڭ ھېكمىتىنى بېسىپ چۈشەلمەيدۇ.

# ماتېرىيالىستىك دۇنيا قاراشنىڭ يېتەرسىزلىكى

ئىرفىنج ۋىلىيام نوبلوتشى[1]

ھازىر پەن - بىلىم ئىزدىنىشلىرى بىلەن بولۇۋاتقانلاردىن ئاز ساندىكى كىشىلەر چەكلىك مۇمكىنچىلىكلەر بىلەن بارغانسېرى زورىيىپ بېرىۋاتقان ئىشەنچ، ئىستەكلىرىنىڭ سايىسىدا: «پەن بارلىق قىيىن تۈگۈنلەرنى يەشكۈچى» دېگەن ئىدىيىگە رام بولۇپ كەلمەكتە.

شۇ خىل ئىدىيىگە كۆرە، ئۇلارچە بىزنىڭ تىرىكلىكىمىزمۇ بەلگىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇۋاتقان بىر قاتار فىزىكىلىق ۋە خىمىيىلىك پرىنسىپلارنىڭ يىغىندىسىدىن ئۆزگە ھېچ نەرسە بولالمايدۇ. ئۇلار شۇنداق قىلىپ ئاشۇ ئايىغى چىقماس سانسىزلىغان ھاياتلىق ھادىسىلىرىنى زادى كېلىپ چىقىش سەۋەبىنى تېپىشقا تۇرغان ئۇزۇندىن ئۇزۇن چۈشەندۈرۈشلەر بىلەنلا ئېنىقلاشماقچى بولۇشتى. ئۇلارچە بولغاندا، كېلىپ چىقىش ۋە مەۋجۇدلۇق ھېچقانداق بىر مەقسەدكە ئىگە

[1] تەبىئىي پەنلەر پروفېسسورى، ئايوۋا ئۇنىۋېرسىتېتىدىن دوكتورلۇققا ئېرىشكەن. ئامېرىكا قۇرۇقلۇق تۇرمۇشى تەتقىقاتچىسى، 1945 - يىلىدىن بېرى مېچىگان ئۇنىۋېرسىتېتى تەبىئىي پەنلەر پروفېسسورى، ئۆسۈملۈك ئېرسىيىتى تاشقى سىن بىلىملىرى تەتقىقاتچىسى.

بولماستىن، بوشقا ئۆتۈپ كېتىدىغان ئىشلارمىش. بىز ياشاۋاتقان بۇ ئالەممۇ كەلگۈسى بىر چاغلاردا قۇياش ئېنېرگىيەسىنىڭ زاپىسى تۈگىگەندىن كېيىن يوقىلارمىش. تىرمۇ دىنامىكا پرىنسىپلىرى بويىچە بارلىق نەرسىلەر سوۋۇپ قېتىپ كېتەرمىش. مانا بۇ، ماتېرىيالىزمچىلارنىڭ ساددا ئالەم قارىشىدۇر. بىرتىراند راسسىل بۇ خىل كۆرەڭ ماتېرىيالىزمچىلىق نەزەرىيىسىنى يەكۈنلەپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسانلارنىڭ يارىلىشىغا كەلسەك، بۇنىڭدا ھېچ قانداق بىر ئالدىن قارار ۋە ياكى نىشان بولمىغان. ئۇنىڭ تۇغۇلۇشى، ياشاش ئارزۇ - ئىستەكلىرى، قورقۇنچ - ئەندىشىلىرى، ئوي - تۇيغۇلىرى ۋە ئىدىيە - چىن پۈتۈكلىرىدىن تارتىپ ھەممىسى ئىنسان تەن بۆلەكلىرىنىڭ ئۇشتۇمتۇتلۇقتا ئۆزئارا بىرىكىپ قېلىشىدىن كېلىپ چىققان ئىشلار. ئىنسان ھەرقانچە سەزگۈر ۋە باتۇر، ئۆتكۈر ۋە تۇيغۇن بولسىمۇ، ئۆزىنى ئۆلۈمدىن ساقلاپ قالالمايدۇ. پۈتۈن ئەللەر بويىچە ئىنسان ياراتقان كۈرمىڭ ئىشلار ئۇ ئىگە بولغان زېرەكلىك ۋە ئىخلاس دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ تەقدىرى قۇياش سىستېمىسىنىڭ تۈگىشىگە باغلىق يوقىلىش تەقدىرىدۇر».

ئاخىرى بېرىپ ئىنسانلار ئېرىشكەن بارلىق ئۇستۇنلۇك ۋە بۈيۈكلۈك، ئۇلار قۇرغان كۆجۇم يېزا - كەنت، شەھەر، پايتەختلەر ۋەيران بولغان ئەسكى - تۇسكىلىرى ئارىسىدا كۆمۈلۈپ قالىدۇ. يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى چوقۇم

بولىدىغان چىن ئىشلاردۇر. ھەر قانداق بىر پەلسەپىچىنىڭ پەلسەپەسى بولسۇن، ئۇنى يوققا چىقىرىشقا كۆچى يەتمەيدۇ. گەرچە شۇنداق دېيىلگەندىمۇ، ئالىملارنىڭ ھەممىسى: «پەن ـ بىلىم ھەممىگە قادىر، شۇنداقلا ئۇ ھەممە نەرسىنىڭ سىرىنى يېشىپ بېرەلەيدۇ» دەپ قارىمايدۇ. دېمىسىمۇ، پەن ـ بىلىم ھەقىقەت، گۈزەللىك ۋە بەخت دېگەندەك نەرسىلەرنى يېشىپ بېرەلەمدۇ؟ ياق، ئۇلار تۇگۇل ھاياتلىق ھادىسىسىگە بىرەر ئۇقۇم كۆرسىتىپ ياكى ئۇنىڭ كەلگۈسى كۆرۈنۈشىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىشكە ياردەم بېرىشكىمۇ ئاجىزلىق قىلىدۇ. ھەتتا پەن ـ بىلىم نەق گەۋدىسى بولمىغان بۇ ئىشلارغا پاكىت تۇرغۇزۇشتىن تولىمۇ ئاجىز. ھەر قانداق پەن ئۆزىنىڭ نەزەرىيە سىستېمىسىنى يېڭىلاشقا تىرىشىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق ھەقىقەتنىڭ تېگى ـ تەكتىگە يەتمەكچى بولىدۇ. لېكىن پەن ـ بىلىم ئۆزىنىڭ بۇ ئىككى نىشانىغا يېقىنلىشاي دېگەنسېرى ئارىلىق يەنە شۇنچە يىراقلىشىپ كېتىدۇ.

بىزنىڭ ئالەم ھەققىدىكى تەپەككۇرىمىز ھەر قانچە مول ۋە ئۆزگىچە بولغان بىلەن يېرىم ـ ياتا ھېس ـ تۇيغۇلاردىن قۇرۇلغان ـ خالاس! داڭلىق يازغۇچى ۋە فىزىكا ئالىمى ئولفروندىل بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئىلىم ـ پەن يۈكسەلگەنسېرى دىن بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ھاڭ شۇنچە تارىيىپ بارىدۇ. ھەقىقي ئىلىم ـ پەن چۈشەنچىسى اللهقا بولغان ئىشەنچنى تېخىمۇ ئاشۇرۇشقا ئۇندەيدۇ. ئىلىم ـ پەن بىزگە ئەنە شۇ تولىمۇ كىچىك ۋە سانسىز مىكرو

تەنچىلەرنىڭ قانداق بارلىققا كېلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. ھالبۇكى، بارلىق ماددىلار ئەنە شۇنىڭدەك كىچىك ئۇلۇشلەردىن بارلىققا كېلىدۇ. شۇنىڭدەك، ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ تاسادىپىيلىق نەزەرىيىسىگە تايىنىپ تۇرۇپ، بۇ مىكرو تەنچىلەرنىڭ قانداق يوللار ئارقىلىق بىر پۈتۈن ھاياتلىق گەۋدىسى بولۇپ بىرىكىپ چىقىدىغانلىقىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. “بارچە ھاياتلىق تەرەققىي قىلىدۇ” دېگەن ئىدىيەنى ئالغا سۈرۈۋاتقان بۇ نەزەرىيە ئۆز ئىچىدە يۈز بەرگەن قالايمىقان بىلجىرلاش، قاراقويۇق ئارىلاشتۇرۇۋېتىش ۋە يات - ياۋا مەزمۇنلارنىڭ يۈز بېرىشى تۈپەيلى ئەمدىلىكتە سىلجىماس تەرەققىيات ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى. بىزنىڭچە، بۇ نەزەرىيىنى مەجبۇري قالمىغۇچە قوللاشقا زادىلا بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ ھېچقانداق قانائەتلەندۈرەرلىك جاۋاب ياكى لوگىكىلىق نىگىزگە ئىگە ئەمەس.

ئەمەلىيەتتە پەن - بىلىم ساھەلىرى ئۆزلۈك ھېس - تۇيغۇلار ۋە بىر قاتار قورال - سايمانلار بىلەن يۈكسەك ئىشەنچنى يېتەكچى قىلىپ ئىش ئېلىپ بارىدۇ (ۋە قايسىبىر بويسۇندۇرۇش ياكى بىرەر مۆلچەر ۋەياكى تاسادىپىيلىققا بولغان ئىشەنچ ئاساسىدا ئىش ئېلىپ بارىدۇ). شۇنداق ئىكەن، دىن بىلەن پەن بىر خىل ئورتاق ئاساس ئۈستىدە تۇرىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، ھەر ئىككىلىسىدە تۇيغۇ ۋە ۋاستىگە تايىنىپ تۇرغۇزۇلىدىغان ئورتاق ئىماندۇر. ئوتتۇرىدىكى ئازراق پەرق شۇكى، پەن - بىلىم بولسا، خاس دائىرە ئىچىدە ئۆز قائىدە - پرىنسىپلىرىنى

تۇرلۇك ئانالىز، سىناق قىلىش ۋە سېلىشتۇرۇشلار ئارقىلىق بېيىتىپ باردۇ. دىنغا بولغان ئىمانىنى نۆۋەتتە ئىلىم - پەن يېڭىلىقلىرىمۇ كۈچەيتىدۇ ۋە تېخى ئەمەلىيەتتىمۇ پەن - بىلىم مۇقەددەس كىتابلاردا كەلگەن تۇرلۇك ئۇچۇرلارنى ئەمەلىي ئاساسلار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئىنشائاللاھ، پات يېقىندا ئاشۇ مۇقەددەس پۇتۇكلەردىكى ۋە بىز تېخىچە چۈشىنەلمەيۋاتقان ئىشلارنى پەن - بىلىمنىڭ بىر - بىرلەپ ئېنىقلاپ چىقىشىغا ئىككىلەنمەيمەن. ئۇنىڭدىن تاشقىرى، ئاسترونومىيە پېنى بۇ ئالەمنىڭ يىراق بىر باشلىنىشىنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىنى ۋە مۇقەررەر تورلىشىشقا قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرسەتتى. بىز مەيلى ئالەمنى: ”باشلىنىشسىز، ئەزەلىي“ دەپ ياكى: ”ئايىغى يوق، ئەبەدىي“ دەپ قارايلى، ھەر ئىككى خىل قارىشىمىز پەن بىلەن سىغىشالمايدۇ. شۇنداق ئىكەن، بۇ ئالەم ئۆزگىرىش ئىچىدە جەريان قىلىدۇ. مانا مۇشۇنىڭدىلا پەن بىلەن دىن ئۆزئارا يېقىنلىشىدۇ. نۆۋەتتە كەلگەندە، شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئىنسان ئىلىم - پەن ساھەسىنىڭ قايسى بىرىدە بولمىسۇن، ئۆزىنىڭ ماتېرىيالىستىك خاراكتېرىدە تۇرۇپ، الله توغرىسىدا ماتېرىيالىستىك يوللار بىلەن ئىزدەنمەكچى بولىدىكەن، ھېچقانچە مەلۇماتقا ئىگە بولماي تۇرۇپلا گۇمران بولىدۇ. بەلكى گاھىدا ئۇنىڭ ماھىيىتىگە يېتىشىمۇ مۇمكىن، لېكىن قانداقلا بولمىسۇن، بۇ ئالەمنىڭ تۇرلۇك ئالىپتە ئىشلىرىنى چوڭقۇر كۆزىتىش ھەر - ھەر ئاسترونومىيە ئالىملىرىنى:

«بۇ ئالەمنىڭ شۇنچە كەڭ كەتكەن قوينى ۋە ئېڭىمىزدىن تاشقىرى تۈزۈلۈشكە قارىغاندا، ئۇلارنىڭ بىز كۆرەلمەيدىغان ۋە كۆرۈپ بولمايدىغان بىر پىلانچىسى بولۇشى كېرەك» دېگەن قاراشقا ئېلىپ كەلدى ۋە كەلمەكتە. شادۋالىش دېگەن ئالىم بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «مەيلى دىندار ياكى دىنسىز بولسۇن، بىزنىڭ ئۇلاردىن ئۆتۈنىدىغىنىمىز شۇكى، ئۇلار تاسادىپىيلىقنىڭ قانداق قىلىپ بۇ ئالەمنى يارىتىپ قالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشى كېرەك». شەكسىزكى، بۇمۇ اللەنىڭ بارلىقىنى دەلىللەمەكچى بولغان يېڭىشمەك ئۇسۇللىرىنىڭ بىرىدۇر. ئەمما توماس موللىر بولسا، بۇنىڭدىنمۇ چوڭقۇر يەنە بىر پەدىنى ياقلاپ، مۇنداق دەيدۇ: «ئىنساننىڭ اللەنى ئىزدەپ تاپالمايۋاتقان قېرى ئەقلىنىڭ ئېرىشكەنلىكى بارلىق نەرسىسى دەل تاپماقچى بولغان اللەنى بايقاش ۋە ئۇنى چۈشىنىش كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىشلار بولۇشى كېرەك. ئادەتتە ئوبيېكتىپ بىلەن تونۇشۇشتىن ئىلگىرى بايقاش كېرەك بولۇپ، ئۇندىن كېيىن بىلىش بولىدۇ. ئاندىن شۇ بىلىشنىڭ ئۆزى دەسلەپكى بايقاشنىڭ ئېنىقلىنىشى بولىدۇ».

ئەمما بىر ئىلىم - پەن خادىمى بولۇپ قالغان ئۆزەمگە كەلسەم، تاسادىپىيلىق پرىنسىپلىرىنىمۇ ئانچە يوققا چىقىرىۋېتەلمەيمەن. چۈنكى مەن كۈندىلىك تۇرمۇشۇمدا تاسادىپەن مەيدانغا كەلگەن ئىشلارنى كۆپلەپ ئۇچرىتىپ تۇرىمەن. شۇنداقلا يەنە، ماتېرىيالىزم نەزەرىيلىرىنىمۇ پۈتۈنلەي ئىنكار قىلمايمەن. چۈنكى ئىلىم - پەن

خادىملىرىنىڭ كۆپىنچە مۇۋەپپىقىيەتتى ئۇلارنىڭ
ئۆگىنىپ ئۆتكەن پىششىق بىلىملىرىنىڭ تەبىئەتتىكى
يەشمىسىگە ئېرىشەلىشىگە باغلىق بولىدۇ. بىراق مەن
يەنە اللهنىڭ بارلىقىغا چىن دىلىمدىن ئىشىنىمەن.
ئىشىنىمەنلا ئەمەس، ئۇنىڭ بارلىقىغا يۈكسەك ئەقىدە
باغلايمەن. چۈنكى مەن ئاشۇ تاسادىپىيلىق
نەزەرىيىسىنىڭ، بىزگە ئەڭ دەسلەپكى ئېلېكترون،
پىروتون ياكى دەسلەپكى ئاتوم، دەسلەپكى ئامىنو كىسلاتا،
تۇنجى پىروتوپلازما، تۇنجى ئۇرۇق، تۇنجى ئاڭنىڭ قانداق
بارلىققا كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلىشىنى
تەسەۋۋۇرمۇ قىلالمايمەن. مەن يەنىلا ئۇلۇغ اللهنىڭ
بارلىقىغا ئەقىدە قىلىۋاتىمەن. چۈنكى ئۇنىڭ ئەنە شۇ
مۇقەددەس بارلىقى كۆز ئالدىمىزدىكى بىزنى قىيناپ
تۇرۇۋاتقان بارلىق ئالەم ئىشلىرىنىڭ لوگىكىلىق
يەشمىسىدۇر.

# ئويغا چۆككەن كىچىك ھەيران

راسىل لويىل ماكىستىر[1]
(زوئولوگىيە پروفېسسورى)

ئىنسانىنىڭ ئۆز پەرۋەردىگارى بىلەن بولغان دەسلەپكى تونۇشۇشى، ئەلۋەتتە، ئاتا ـ ئانىسى ئارقىلىق بولىدۇ. ئاتا ـ ئانىنىڭ ھەرقانداق بىر ئۇلۇغلۇق ئۈچۈن: "اللّٰه" دېگەن سۆزنى ئىشلەتكەنلىكىنى كۆرگەن بالا كىچىكىدىن تارتىپلا بۇ خىل يول بىلەن اللّٰهقا سېغىنىشقا كۆنۈپ كېتىدۇ ۋە توغرا كەلگەندە شۇ يول بىلەن ئۆز ھاجەتلىرىگە يەتكۈزۈشنى تىلەيدۇ. ئاتا ـ ئانىلار ئۆز ئىگىسىنى ھەر قېتىم ئۇلۇغلىغان، ياد ئەتكەن چېغىدا، اللّٰه دېگەن ئاشۇ بۈيۈك سۆزنى ئىشلەتكەنلىكتىن بالىلارمۇ كىچىكىدىن تارتىپلا ئاشۇ يول بىلەن اللّٰهقا سېغىنىشقا ۋە ئۇنىڭدىن خۇددى ئۆز ئاتىسىغا يېلىنغان يوسۇندا تۈرلۈك قىيىنچىلىقلىرىنىڭ ئاسانلىقىنى تىلەشكە كۆنۈپ كېتىدۇ ۋە مۇشۇ باسقۇچتىكى بالا ئاشۇ كۆرۈنمەس پەرۋەردىگارغا چىن پۈتكەن ۋە ئۇنىڭدىن خۇش بولغان پەيتىدە

[1] ئىلىنوي ئۇنىۋېرسىتېتىدىن دوكتورلۇققا ئېرىشكەن، ھوۋېتىن ئىنستىتۇتى زوئولوگىيە فاكۇلتېتىنىڭ باشلىقى، ئىلىنوي ئىلمىي ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەزاسى، 1951 ـ يىلىدىن 1954 ـ يىلىغا قەدەر ئىلمىي ئورگان باشلىقى بولغان، ئۆمۈچۈك، ئۆمۈچۈك تورى ۋە ئۇلاردىكى ئۆزگىرىش تەتقىقاتى مۇتەخەسسىسى.

ئۆتۈپ كېتىدۇ. يىللار ئۆتۈپ بالا چوڭىيىدۇ ۋە كىتابلاردىن الله يولىدا ماڭغان مۆئمىن - مۇسۇلمانلارنىڭ كەچۈرمىشىنى ئوقۇپ، ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرىدىكى الله سۆيگۈسىنىڭ ئۇلارنى يىرتقۇچلاردىن ساقلىغانلىقىنى، ئوت ئىچىدە ئۇلارغا سالقىنلىق ۋە تىنچلىق بەرگەنلىكىنى، قىلىچلار ئاستىدىن تىنچ - ئامان قۇتۇلدۇرغانلىقىنى، ماغدۇرىدىن كەتكەندە كۈچ - قۇۋۋەت بەرگەنلىكىنى، جەڭگاھلاردا ھىماتچى ۋە تايانچ كۈچ بولۇپ كەلگەنلىكىنى ئۇققاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئاشۇ قەيسەر ۋە باتۇرلۇقىدىن ھاڭ - تاڭ قالىدۇ ۋە ئۇلارنى دوراش، ئۇلارچە ياشاش ئىستىكى ئۇنىڭ كۆزىگە بىر كۈنمۇ ئۇيقۇ كىرگۈزمەيدۇ، بۇ خىل ئىستەكلەرنىڭ ئاشۇ كەچۈرمىشلەر قالدۇرغان تۇيغۇلارنىڭ ئىزچىللىقىنى ساقلاپ قېلىشقا ياردىمى تېگىدۇ دەپ ئويلايدۇ. شۇنداقلا ئۇلارنى ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۆزىنىڭ ئۇلىنى چىڭىتىپ، قىزىقىشىنى كۈچەيتىپ، كۆڭلىدە باتۇرلۇق روھىنى ئۇرغۇتۇپ تۇرىدىغان بىر قاتار قاياشلىرىدەك ھېس قىلىدۇ. بالا مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ روھى دۇنياسىدا بۇرۇلۇش يۈز بېرىدۇ ۋە قارىمۇ قارشى ئىككى خىل مايىللىق ئارىسىغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئۇنىڭ بىرىدە بالىنىڭ اللهقا بولغان ئىشەنچىسى ئېشىپ بارسا، يەنە بىرىدە ئۇنىڭغا بولغان ئىشەنچىسى ئۆزىچە سوۋۇپ، سۇسلىشىپ بارىدۇ. شۇنداقتىمۇ، ئۇ يەردە كۆز ئالدىدىكى ئاشۇ كەنت - شەھەرلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك بىر مۇنچە ئىجتىمائىي گۇرۇھ - تەشكىلاتلاردىن تەشكىل تاپقانلىقىنى، ھەر بىر

گۇرۇھنى بىردىن رەھبەر ياكى رەئىسنىڭ يېتەكلەپ ماڭىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ يەنە ئاشۇ يەرلىك ئۇششاق رەھبەرلەرنىڭ ئۈستىدىنمۇ بارچىغا گېپى ئۆتىدىغان بىر باش قوماندانىنىڭ رەھبەرلىك قىلىدىغانلىقىنى ۋە بارچە كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا ئورتاق بويسۇنۇشى كېرەكلىكىنى ئاڭقىرىپ يېتىدۇ. مانا شۇنىڭغا ئۇلگۇرۇپ، بالا ئېڭىدا خۇددى باشلىقنىڭ ئۆز ئۆپچۆرىسىدىكىلەرگە يۇرگۇزۇۋاتقان ھۆكۈمرانلىقىنىڭ تۇرقىدا پۈتۈن ئالەمگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان بىردىنبىر ھۆكۈمران - ئىلاھ گەۋدىلىنىپ چىقىدۇ - دە، ئەنە شۇ ئازغىنە كىشىلەر ئۇچۇن ھەر يەردە بىردىن يېتەكچى - قوماندان بولغان يەردە مۇشۇنچە كەڭ كائىنات - ئالەم ئۇچۇنمۇ ھەممىنى ئۆز يولىغا سېلىپ، ئىنسانلاردىن تارتىپ بارچە شەيئىلەرگىچە ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى يۇرگۇزۇۋاتقان بىر ئىلاھنىڭ بولۇشى بار ئىشقۇ دېگەنلەرنى ئويىدىن ئۆتكۇزگەندىن كېيىن، بىراز يېنىكلەپ، تەمكىن بولۇپ قالىدۇ. يەنە بىر ياقتىن، كىشىلەرنىڭ ئۆز رەئىسلىرىنى ئۆزلىرى سايلاپ چىقىدىغانلىقىنى ئېلىپ ئېيتقاندا، الله توغرىسىدىكى بارلىق تەسەۋۋۇر، تەپەككۇر بۇ كىچىك ئۆسمۇرگە كۆرە، بەربىر كىشىلەر ئېڭىغا سىڭىپ كەتكەن نوقۇل ئىدېئال ئوبرازدىن نېرى كېتەلمەيدۇ. دەل شۇنداقلىقىدىنمۇ بالىنىڭ ئېڭىنى ھە دېگەندە بولار بولماس ئويلار ئورىۋالىدۇ - دە، ئۆز - ئۆزىگە: ”بۇ ئىلاھ زادى بار نەرسىمىدۇ ياكى يوق نەرسىمىدۇ؟ ناۋادا بار بولسا، ئۇنىڭ تەقى - تۇرقى ۋە بەلگىسى قانداق بولىدۇ؟“ دېگەندەك سوئاللارنى تاشلايدۇ.

بۇ ئۇي چوڭقۇرلاشقانسېرى، اللەنىڭ بارلىقىدىن ئىككىلىنىش ۋە دەرگۇمان بولۇشقا باشلايدۇ. شۇنىڭغا ئەگىشىپ، بالىنىڭ بارلىق ئەقىل - تەپەككۇرى پاسسىپلىققا تولۇپ، دىلىغول بولۇشقا باشلايدۇ - دە، ئۆز - ئۆزىگە كايىغان ۋە ئىشىغا ئۆكۈنگەن ھالدا پەسكويىغا چۈشۈپ، باشقا چارە تاپالماي تەن بېرىدىغان يەرگە كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، دوست - قۇرداشلىرىنىڭ بۇ تېمىدا پاراڭ سېلىپ، ئۆزىنى گاڭگىرىتىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپلا يۈرىدۇ ياكى ئۇلاردىن بۇ تېمىدا پاراڭ قىلماسلىقىنى ئۆتۈنۈشكە ئۆتىدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆز كۆڭلىنىڭ تېخىمۇ دىلىغول بولۇشىدىن قاتتىق ئەنسىرەيدۇ. بالا مانا مۇشۇنداق تېڭىرقاش، ھولۇقۇش، گاڭگىراشلار ئارىسىدىن ھالقىپ چىقالماي، ئۆز - ئۆزىدىن ھەيران بولۇپ تۇرغاندا، ئۇشتۇمتۇتلا اللەقا ئىشىنىشكە باشلايدۇ ۋە ئەزەلدىنلا مۇشۇنداق بولۇشى كېرەكلىكىنى ھېس قىلىدۇ. مانا مۇشۇ چاغدىلا ئەقىل - تەپەككۇرىنىڭ ئۆز ئىمانىنى ئۇنداق تارمار قىلىۋېتىشىنى ياقتۇرمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ، بالا مۇقەددەس كىتابلاردىن بىرەرىنى تېپىپ ئوقۇيدۇ، ئۇنىڭدىن ئىنسانىنىڭ اللەنى تېپىشى پەقەت ھوش - كاللىنى ئىشلىتىش ئارقىلىقلا بولىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭغا ئىشىنىش ۋە ئىمان ئېيتىشنىڭ ھامان يەنە شۇ تەپەككۇر ۋە مەنتىقىگە تايىنىپ بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەندىن كېيىن، بۆلەكچە جانلىنىپ، كۆزىتىش، ئىزدىنىشلەرگە ئاكتىپلىق بىلەن كىرىشىپ كېتىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا، تېخى يېقىندىلا گاڭگىراپ يۈرگەن ئۆسمۈر

چوپ - چوڭ بىر ئىخلاسمەنگە ئايلىنىدۇ. بالىدا ئاڭ ۋە روھنىڭ بىرلىشىشى ئەمەلگە ئېشىپ، اﷲنىڭ بۈيۈكلىكى ۋە ئۇنىڭ ھېكمىتىنى تولۇق چۈشىنىشكە باشلايدۇ. مانا بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مەركۇر بالىنىڭ ئوي - خىياللىرى ۋە ئىش - ھەرىكەتلىرى تەبىئەت ۋە ئۇنىڭ پادىشاھى بولغان ئىلاھقا مەھكەم باغلايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ بۇ ئىككى نەرسىنى بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتىش لوگىكىغا ياتمايدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا، مۇشۇ زېمىن پلانېتىمىز يۈزىدە ياشاپ تۇرۇۋاتقان مىليونلىغان ئۆسۈملۈك ۋە جانلىقلارنى ۋە ئۇلارنىڭ خۇددى ئاسترونومىيىدىكى سان - ساناقلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر قاتار ئىرراتسىئونال سانلار بىلەنلا بىلدۈرگىلى بولىدىغان ھەرخىل سورت - تىپلىرىنى قويۇپ تۇرۇپ، پەقەت بىر تاللا تۈرنى ئېلىپ ئېيتساقمۇ، مۇشۇنچە كەڭ ۋە خىلمۇخىل كەتكەن نەچچە يۈز مىڭلىغان تۈرلەرگە ئورتاق بولغان بىرەر تۈرتكىلىك كۈچ يوقمىدۇ؟

يا‌ق، بەلكى قاياققىلا باقمايلى، ئاشۇ پرىنسىپنى كۆرۈپ يېتىمىز.

ئەمدى شۇ تۈرلەرگە كەلسەك، ئۇلارمۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئۆزئارا ئۆزلۈك ۋە ئۆزگىچىلىك قاتارلىقلار بويىچە تۈركۈملەرگە ئايرىلىدۇ. يەنە تېخى بۇلارمۇ كىچىكتىن كىچىك نۇرغۇن چوڭ - كىچىك تۈركۈملەرگە، بۇ تۈركۈملەرمۇ ئۆز روللىرى بويىچە كىچىكتىن - كىچىك بىر مۇنچە خىللارغا بۆلۈنىدۇ. بىراق بىز بۇلارنى قانچىلىك بۆلۈپ كەتمەيلى، يەنىلا بىر تۈر ياكى بىرەر تۈركۈم باغلىق بولغان

تىپلارنىڭ بىر قاتار ئورتاق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. بولمىسا بىز تۆمۈر تومشۇق دەيدىغان قۇشقا قاراپ باقايلى، گەرچە ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش يارىتىلغاندەك قىلىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بىر ـ بىرىگە ئانچە ئوخشاپ كەتمەيدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت، تەبىئەت دۇنياسىدىكى بارلىق ھايۋان تۈرلىرىنىڭمۇ بىر ـ بىرىگە چەمبەرچاس باغلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئورتاق ھالدا ئاقسىل ياكى پروتوپلازمىغا تايىنىدۇ. ئەنە شۇ باغلىنىشىنىڭ ئۆزىمۇ ئۆز تۈزۈلۈشىنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى بىر ياراتقۇچى قابىل كۈچنىڭ بارلىقى بولماي نېمە؟ ماھىيەتتە ئەنە شۇ كۈچ ئۇلاردىكى تۈپكى ماددىنى ئۆزى ياراتقان ۋە ئۇنىڭغا كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە رول ئاتا قىلغان. يەنى ئەنە شۇ الله ئەمەسمۇ؟

ناۋادا ئەقلىمىز ساغلاملا بولىدىكەن، ئۇ بىزنى بىز خەۋەر تاپقان ۋە تېپىۋاتقان ئاشۇ ئوخشاشلىق ۋە قارشىلىقلارنى پەيدا قىلغۇچى بىر ئاڭنىڭ بارلىقىنى تەن ئېلىشقا ئۈندەيدۇ. شۇ چاغدا بىز: "پۈتكۈل كائىنات تۈرلۈك مۇھىت ـ شارائىت ئاستىدا ئېلېمېنتلارنىڭ ئۆزئارا ئەپلىشىپ قېلىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان تاسادىپىيلىقتىن كېلىپ چىققان" دەيدىغان گۇدەكلەرچە بىلجىرلاشلاردىن ساقلىنالايمىز.

ساغلام لوگىكا بويىچە بولغاندا، ئىنسان ھەر بىر قىيىن ئىشنى يېشىپ چىقىشقا قادىر، ئەلۋەتتە. شۇنىڭ ئۈچۈن، شۇنچە لوگىكىلىق ئىشەنچنىڭ ئۆزى كۆز ئالدىمىزدىكى بارچە كائىناتنى يوقتىن ياراتقان بۈيۈك بىر ياراتقۇچىنىڭ

بارلىقىنى ئىقرار قىلىشقا يېتەرلىك ئۇندەكچى بولالايدۇ. ئۇندىن تاشقىرى بىر خىل تۈرنىڭ سورتلىرى ئارىسىدا بولمىسۇن ياكى ئۆتكەن گېئولوگىيەلىك ئىرالاردا ياشىغان تۈرلەر ئارىسىدا بولمىسۇن، ئۇلار ئارىسىدىكى ئۆزگىچىلىك بولغان ياكى بولمىغانلىرى بولسۇن، ئوخشاشلا يوقىلىپ كەتتى ياكى ياشاپ كېلىۋاتىدۇ. بۇنىڭغا كەلگەندە، ئىنسان ئەقلى: "بارلىق شەيئىلەر دەسلەپتىلا ئاشۇ بۈيۈك ياراتقۇچىنىڭ قولى بىلەن بىر قاتار تەڭداش قائىدە ـ پرىنسىپلارغا ئىگە مەخلۇقاتلار بولۇپ يارالغان ئىكەندە؟" دېگەننى تەن ئالىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

ئەمدى بىز مۇقەددەس ساماۋىي كىتابلارنى قولىمىزغا ئالغان چېغىمىزدا، ئۇنىڭدىن: "الله پۈتۈن ئىنسان ۋە هايۋان، شۇنداقلا ئۆسۈملۈكلەرنى ياراتقان" دەپ ئوقۇيمىز. شۇنداقلا، تەبىئەتتىن هاسىل بولغان تەسىراتلىرىمىز بويىچە ئۇنى دەرهاللا تەن ئالىمىز ۋە چىن پۈتىمىز. بۇنىڭدا هەرقانداق مۇقەددەس دىنىي كىتابلار پەن ـ بىلىم كىتابلىرى بولمىسىمۇ، ئوخشاشلا پەنگە تەئەللۇق تۈپكى هالقىلارنى يېشىپ بېرىدۇ ۋە ئۇلارغا يېقىندىن ياندىشىپ ماڭىدۇ[1]. سۆزۈمنىڭ ئاخىرىدا دەيدىغىنىم شۇكى، مەن قىلچە گۇمان قىلمايدىغان هەقىقەت، شۇنداقلا هەر تۈرلۈك ماتېرىيالىستىك ئىدىيىلەر يېشىپ بېرەلمەيدىغان بىر

[1] قۇرئاندا كەلگەن مۇنۇ ئايەتكە قاراڭلار: ﴿بىز زېمىنغا چاڭلاشتۇرغۇچى شاماللارنى ئەۋەتتۇق﴾ «سۈرە هىجر، 22 ـ ئايەت». مانا مۇشۇ ئايەتمۇ ئۆسۈملۈكلەر دۇنياسىدىكى چاڭلىشىش ئىشىغا يانداشمامدۇ ياكى بولمىسا مۇهەممەد ئەلەيهىسسالام ئۆسۈملۈكلەرنى تەتقىق قىلىپ يۈرگەنمۇ؟

كۈچ بار، ئۇ بولسىمۇ، ئىنسانىيەت تەبىئەتكە قارىتا يۈرگۈزگەن ئويى ۋە ئۆگىنىشى ئارقىسىدا بىلىپ يېتەلىگەن ئىلاھ بولۇپ، ئۇ ساماۋي كىتابلاردا سۆزلىنىۋاتقان ئىلاھنىڭ دەل ئۆزى شۇ. ئۇ مۇقەددەس كىتابلارنىڭ ئىلاھى بولۇش بىلەن بىرگە، ئېگىز تاغلاردىن كۆپكۆك دېڭىزلارغىچە ھەممە نەرسىدە نامايان بولۇۋاتقان ئىلاھتۇر. ئۇنىڭ قۇدرىتى يەنە يايپېشىل ئوتلاقلار ۋە زېمىن باغرىدا ئۈزۈپ كېتىۋاتقان ئۇچار قۇشلار ۋە باشقا نەرسىلەردىمۇ نامايان بولماقتا.